# ئىبرەتلىك چۆچەكلەر

4



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ




ISBN 7-5371-5236-5
9 787537 152365 >

ISBN7-5371-5236-5
(民文)　定价:4.80 元

# ئىبرەتلىك چۆچەكلەر

(4)

تۈزگۈچىلەر: راجىھ ئابدۇرېشىت ئىبراھىم
ئەركىن نىياز

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

责任编辑：尼加提·穆合力斯
木塔里甫·买买提伊明
责任校对：依巴达提·亚森
封面设计：阿里甫·夏

# 维吾尔民间智力故事选(4)(维吾尔文)

阿不都热西提
艾尔肯·尼亚孜 编

新疆青少年出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路100号 邮编：830001)
新疆新华书店发行
新疆金版印务有限公司印刷
787×1092毫米 32开本 3.75 印张
2005年4月第1版 2005年4月第1次印刷
印数：1—3000

ISBN7－5371－5236－5 定价：4.80元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: نىجات مۇخلىس
مۇتەللىپ مەمتىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىبادەت ياسىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىپ شاھ

# ئىبرەتلىك چۆچەكلەر (4)

تۈزگۈچىلەر: راجىھ ئابدۇرېشىت ئىبراھىم
ئەركىن نىياز
(تۇرپان ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى
يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك
ئىشخانىسى ئۇيۇشتۇرۇپ تۈزدۈرگەن)
*
شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 - قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ جىڭبەن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092×787مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 3.75
2005 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
2005 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN7 — 5371 — 5236 — 5
سانى: 1—3000
باھاسى: 4.80 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# مۇندەرىجە

خاپىلىقتىن ئىزا يامان ................................ 1
كۆنىنى توسۇۋالغىلى، ۋاقىتنى سېتىۋالغىلى بولماس......... 4
كېسەلنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارە .................... 7
پېتىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالما ................ 9
ھەممە ئىشنىڭ ھەددى ياخشى ........................... 15
نادانىنى تادان ئوڭلايدۇ .................................. 18
يالغانچىغا ئالدانساڭ ئۇۋالىڭ ئۆزۈڭگە ................ 20
ئوقۇغان ئوغۇل ئاتىدىن ئۇلۇغ ........................ 26
تۆرگە چىققان ھېساب ئەمەس، زەللە ئالغان ھېساب ...... 29
يىغلاپ تۇرۇپ قىر چاپ، ئويناپ - كۈلۈپ سۇ ئاچ...... 33
بارماقلاپ خەقنى قاقتى - سوقتى قىلمىساڭ، ئىدىشلاپ
ياغنى دەرياغا تۆكمەيسەن ................................ 36
ھەدەڭدە قالدىڭ غوۋغادا قالدىڭ، ئاكاڭدا قالدىڭ ئېغىلدا
قالدىڭ ................................................... 39
تۆگىنىڭ خۇيىنى مەتە بىلەر .............................. 45
ئادەمنىڭ يۈزىگە قارىما، سۆزىگە قارا................. 50
چاچ سالغان بىلەن خوتۇن ئەمەس، بەل باغلىغان بىلەن
ئەر ئەمەس .............................................. 53
ئۇستا كۆرمىگەن شاگىرت ھەر مۇقامغا يورغىلايدۇ ...... 55
تۈلكىنىڭ تېرىسى ئۆزىگە دۈشمەن ......................... 58

ئاچلىقتىن ئۆلسەڭمۇ ئاتا ـ ئاناڭنى تاشلىما ........ 60
كالىنى بۇرنىدىن يېتىله ........ 64
زارلانمىغىن تەقدىرىڭدىن، زارلانغىن تەدبىرىڭنىڭ كەملىـ
كىدىن ........ 67
ئۆتنە ئالەم ........ 71
تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولۇر ........ 74
ئورىنى كىم كولىسا ئۆزى چۈشەر ........ 76
پىلنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر ........ 79
بۆلۈنگەننى بۆرە يەر ........ 83
ئالدامچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام ........ 87
ھۇرۇن ئېشەكنىڭ يۈكى ئېغىر ........ 92
موللىنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما ........ 93
يىغا ياندىن كېلەر، بالا قېرىنداشتىن ........ 98
ئادىمي شەيتان ھەممە شەيتاندىن يامان ........ 102
ئى ئاياز، كۆرگەن كۈنۈڭنى ئۇنتۇما، شىرە چورۇقۇڭنى
قۇرۇتما ........ 106
موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىقىچە ........ 113

# خاپىلىقتىن ئىزا يامان

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى، بىزدىن ناھايىتى يىراق جايدا، ئاۋات بىر شەھەردە بىر بەگ ئۆتكەنىكەن. بەگنىڭ ئىسمى تەكىم ئىكەن. كىشىلەر ئۇنىڭ ئىسمىگە مەنسىپىنى قوشۇپ چاقىرمىسا، ئۇ پەقەتلا ئوچۇق چىراي ئاچمايدىكەن. شۇڭا، ھەممە ئادەم «تەكىم بېگىم» دېيىشكە مەجبۇر ئىكەن. كىمكى ئۇنداق دېمىسە، بەگ سەۋەپ تېپىپ ئۇنى بابلايدىكەن. تەكىم بەگ ئەل ئىشىغا بىپەرۋا، يېيىش ـ ئىچىشكە ئامراق ئىكەن. بەگلىكنىڭ ئىشلىرىنى دائىم مىرزىسىغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، بىر كۈنى بىرىنىڭ ئۆيىدە نەزىر ـ چىراغقا داخىل بولسا، بىر كۈنى بىرىنىڭ ئۆيىدە توي ئوينايدىكەن. ھەتتا مىسكىنلەر ئارا بولىدىغان داشقازان نەزىرلىرىگىمۇ داخىل بولۇپ، توخۇنىڭ تۆشىنى غاجىلىمىسا كېچىسى كۆزىگە ئۇيقۇ كىرمەيدىكەن.

بۇ بەگلىك تەۋەسىدە بىر ئەقىللىق يىگىت بولۇپ، ئىشقا پۇختا، گەپكە ئۇستا بولغىنى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى «ئەپچىلەم» دەپ ئاتايدىكەن، ئەپچىلەم مەپە ھەيدەش بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە تەكىم بەگ ئەپچىلەمنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ مەپىسىنى ھەيدەشكە ساپتۇ.

بىر كۈنى قوشنا بەگلىكنىڭ بېگى تەكىم بەگنى

زىياپەتكە تەكلىپ قىپتۇ. تەكىم بەگ تەكلىپنامە قولىغا تېگىشى هامان يولغا چىقىپ، يول بويى ئەپچىلەمنى ئالدىرىتىپ، يۇگۈرۈك ئاتنى قامچىلىتىپ، چىڭقى چۈشتە مەنزىلگە يېتىپ بېرىپتۇ. تەكىم بەگ ساهىبخانىنىڭ تەكلىپ - تەكەللۇپلىرى بىلەن مېهمانخانىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئەمما، ئەپچىلەم بىلەن هېچكىمنىڭ كارى بولماپتۇ. ئەپچىلەم مەيىنى ئىشىكنىڭ ئالدىدا توختىتىپ قويۇپ هويلىغا كىرىپ، بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپتۇ.

بىر چاغدا زىياپەتتىكى بەگلەر، يۇرت كاتتىلىرى، قازى - مۇپتىلار مېهمانخانىدىن چىقىپتۇ. تەكىم بەگ يۇرت كاتتىلىرى ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ كېرىلگەن هالدا قورسىقىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— هەي ئەپچىلەم! ساڭمۇ بىر نەرسە تەگدىمۇ قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەپچىلەم:

— تەگدى، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

— نېمە تەگدى؟

— سىلى غاجاپ تاشقىرىغا تاشلىۋەتكەن سۆڭەك بېشىمغا تەگدى.

— تۈزۈك جاۋاپ بەر! ئالدىڭغا بىر نەرسە چىقتىمۇ، يوق؟

— چىقتى.

— نېمە چىقتى؟

— سۆڭەك غاجاشقا ئىت كۈچۈكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقتى.

— مەن ئۇنى سورىمىدىم، بىر نەرسە يېدىڭمۇ، يوق دەيمەن.

— يېدىم.
— نېمە يېدىڭ؟
— خېنىمنىڭ غېمىنى يېدىم.
— قايسى خېنىمنىڭ، نېمە غېمىكەن ئۇ؟
— ئۆزلىرى «ياخشى تائام ئېشىپ قالغۇچە، يامان قورساق ئېتىلىپ كەتسۇن» دېگەن گەپنى ئاغزىلىرىدىن چۈشۈرمەيتتىلە. بۈگۈنكى زىياپەتتە مېھمانخانىغا ئۈزۈلمەي كىرىپ كېتىۋاتقان تائاملاردىن بىر كاپام ئاش ياكى بىر چىشلەم گۆش يېنىپ چىقمىدى. بېگىم كىرگەنلىكى تائامنى ئاشۇرماي يەۋېرىپ قورسىقى ئېتىلىپ ئۆلۈپ كەتسە خېنىم كىمگە نېسىپ بولار، دېگەن غەمنى يېدىم.
ئەپچىلەمنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغانلار شۇنداق كۈلۈشۈپ كېتىپتۇكى، كۈلكە ساداسىدىن ئايۋان - سارايىنىڭ تام - تورۇسلىرى تىترەپ كېتىپتۇ. تەكىم بەگ ئىزاغا پايلىماي شۇ يەردىلا جان ئۈزۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن يۇرت كاتتىلىرى:
— خاپىلىقتىن ئىزا يامان كەلدى، — دېيىشىپتۇ.
بۇ ئىش پۈتۈن يۇرتقا تارابتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «خاپىلىقتىن ئىزا يامان» دېگەن گەپ تەكىم بەگنىڭ شۇ كەچۈرمىشىدىن قېلىپ، بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
تۇرپان شەھەر چاتقال يېزا چوۋلاق مەھەللىسىدىن
راشىدىن مەخمۇت

# كۆننى توسۇۋالغىلى، ۋاقىتنى سېتىۋالغىلى بولماس

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى بىر يۇرت بولغانىكەن. ئاشۇ يۇرتتا تولىمۇ بېخىل بىر باي بولۇپ، تاپقان - تەرگىنىنى ئەر - خوتۇن ئىككىسىلا جىمىقتۇرۇپ، كىشىگە قىلچىمۇ نەپ بەرمەيدىكەن. بۇ باي بىر يىلى نۇرغۇن يېرىگە بۇغداي تېرىپتۇ. ياز ئۆتۈپ، كۈزمۇ كەپتۇ. باي بۇغدايلىرىنى يىغىۋېلىشقا ئون ئورمىچى ياللىۋاپتۇ. كېيىن باي ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىگە كۆپ پۇل كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ناھايىتى بىئارام بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن باي خوتۇنىغا مەسلىھەت سېلىپ:

— ھەي خوتۇن، مۇشۇ ئون ئورمىچى بۇغدايلىرىمىزنى ئوروۋۇپ بولغۇچە كۈننى توساپ ئۇزارتقىلى بولارمۇ؟ — دەپتۇ.

— بۇ ئىش پادىشاھنىڭ قولىدىن كېلىدۇ، سىلى بېرىپ پادىشاھ بىلەن سۆزلىشىپ كۆرسىلە، — دەپتۇ باينىڭ خوتۇنى. باي خوتۇنىنىڭ مەسلىھەتىنى ماقۇل كۆرۈپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

— ئەي ئۇلۇغ پادىشاھىم! سىلىگە بىر ئەرزىم بار ئىدى، — دەپتۇ باي.

پادىشاھمۇ بۇ باينىڭ ئەھۋالىنى ناھايىتى ياخشى

بىلىدىكەن. شۇڭا ئاۋۋال ئۇنىڭ ئەكەلگەن سوۋغىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئاندىن ئەرزىنى ئېيتىشقا بۇيرۇپتۇ. باي ئەھۋالنى بىر قۇر چۈشەندۈرگەندىن كېيىن:

— شاھىم، سىلىدىن ئۆتۈنىدىغىنىم، كۈننى توسۇپ، ۋاقىتنى ئۇزارتىپ بەرسىلە، ئۇلار ئىككى كۈنلۈك ئىشنى بىر كۈندە قىلىپ تۈگىتىپ، مەندىن ھەقنى ئاز ئالسا، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھ مۇنداق دەپتۇ:

— سەن ئورمىچىلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ، ئاندىن ئۇلارنى ئىشقا سال، ئۆزۈڭ ئۇزۇن چاپاندىن بىرنى كىيىپ، بېلىڭنى مەھكەم باغلاپ، تۇماقنى چۆكۈرۈپ كىيىپ، چاپىنىڭ پېشىنى بېشىڭغا ئارتىپ ئېتىز بېشىدا ئولتۇر، شۇنداق قىلساڭ، كۈن ئۇزىراۋېرىدۇ. ئەگەر بۇ دېگەنلىرىمگە خىلاپلىق قىلساڭ، كۈن قىسقىراپ كېتىدۇ، بەلكى شۇ ھامان كەچ كىرىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن.

باي ئۆيىگە قايتىپ پادىشاھنىڭ دېگىنى بويىچە قىپتۇ. باي كۈن چۈش بولغۇچە قىر بېشىدا ئولتۇرۇپ چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپتۇ، ئۇسساپ چىدىغۇچىلىكى قالماپتۇ. ئاخىر ئۇ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

— ۋاي پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ باي، — سىلى بۈگۈن كۈننى بەكمۇ ئۇزارتىۋېتىپتىلا. ئەمدى قىسقارتىپ بەرسىلە، مېنىڭ چىدىغۇچىلىك ھالىم قالمىدى، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، ئۆيۈڭگە بېرىپ بىرئاز ئارام ئال، — دەپتۇ پادىشاھ.

باي بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆيىگە بېرىپ بىردەم ئارام ئاپتۇ، ئاندىن ئېتىز بېشىغا بارسا، ئورمىچىلار تېخىچە ئورما ئورۇۋاتقۇدەك. ئېتىز بېشىدا تۇرسا، ئىسسىقتا يەنە

قىينىلىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلگەن باي ئورمىچىلارنى ئېلىپ يانماقچى بولۇپتۇ. ئورمىچىلار ھەيران بولۇپ:

— باي ئاكا، بىز قايتىدىغان ۋاقىت بولمىدى، بىر كۈنلۈك ئىشىمىز توگىمىدىغۇ؟ — دەپتۇ.

— قايتىڭلار دېگەندىكىن قايتىڭلار، بۈگۈنكى كۈننىڭ ھەددىدىن ئارتۇق ئۇزۇن بولۇپ كەتكەنلىكىنى سىلەر بىلمەيسىلەر، بۇ ماڭىلا ئايان، شۇنىڭ ئۈچۈن قايتىڭلار دەۋاتىمەن، — دەپتۇ باي ئۆزىنىڭ قايتىمدىن ئۇسساۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ.

ئورمىچىلار قايتىشقا رازى بوپتۇ. ھەر كۈنى مۇشۇنداق بولىۋەرگەچكە، ئون بەش كۈنلۈك ئىش بىر ئايغا سوزۇلۇپ، پىخسىق باي لېۋىنى چىشلەپ قاپتۇ. بۇ ئىش ئەتراپقا تاراپتۇ. كىشىلەر بۇنىڭدىن ئىبرەت ئاپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «كۈننى توسۇۋالغىلى، ۋاقىتنى سېتىۋالغىلى بولماس» دېگەن ماقال باينىڭ ئاشۇ كەچمىشىدىن قېلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
تۇرپان شەھەر يار ئوتتۇرا مەكتەپتىن

ئالىم نىياز

# كېسەلنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارە

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى، بىزدىن يىراق ماكاندا، كۆرۈنگەن تاغنىڭ بېرىسىدا، كۆرۈنمىگەن تاغنىڭ نېرىسىدا بىر يۇرت بولغانىكەن. ئاشۇ يۇرتتا ئۆمرىدە راست گەپ قىلىپ باقمىغان بىر يالغانچى ئادەم ئۆتكەنىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئادەم ئاغرىپ قېلىپ، تالا ـ تۈزگە چىقالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئادەم بالىسىغا:

— ئەگەر بىرەرى مېنى ئىزدەپ كېلىپ قالسا، مېنى يوق دېگىن، ئۆيگە ھېچكىم كىرمىسۇن، بىرەرى مېنىڭ ھالىمنى كۆرۈپ قالسا خەلقئالەمگە يېيىۋېتىدۇ، — دەپ جېكىلەپتۇ ۋە تېۋىپقىمۇ كۆرۈنمەستىن ئۆيىدە يېتىۋېرىپتۇ. نەتىجىدە، بۇ ئادەمنىڭ كېسىلى كۈندىن كۈنگە ئېغىرلىشىپ ئۆلەر ھالەتكە كېلىپ قاپتۇ.

بۇ يۇرتتا نام ـ شۆھرىتى باشقا جايلارغا كەڭ تارقالغان بىر ئۇستا تېۋىپ بولۇپ، ئۇ ھەرقانداق كېسەلنى ساقايتىشقا ماھىر، كىشىلەرنى كېسەل ئازابىدىن قۇتقۇزۇشنى پەرز ھېسابلايدىغان كىشى ئىكەن. ئۇ نەدە كېسەل بولسا شۇ يەرگە بېرىپ، ھەق سورۇشتۇرمەي داۋالايدىكەن. بىر كۈنى بۇ تېۋىپ ھېلىقى يالغانچى كىشىنىڭ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپتۇ ـ دە، يالغانچىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئىشىك قېقىپتۇ.

— ئوغلۇم، بىرى كەلگەن ئوخشايدۇ، ئەگەر مېنى سورىسا بازارغا كەتتى، ئۆيدە يوق دېگىن، — دەپتۇ يالغانچى.

ئوغلى چىقىپ دەرۋازىنى ئېچىپتۇ. تېۋىپ سالاملاشقاندىن كېيىن:

— بالام، ئاڭلىسام دادىڭ ئاغرىپ قاپتۇ، ئەھۋالى قانداقراق؟ — دەپ سوراپتۇ. ئوغۇل دادىسى ئۆگىتىپ قويغان بويىچە:

— دادام ئۈزۈندىن بېرى كېسەل بىلەن ياتقانىدى، بۈگۈن بىر ئاز ياخشى بولۇپ قېلىپ، كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئالغىلى بازارغا كەتتى، — دەپتۇ.

تېۋىپ بۇ گەپنى ئاڭلاپ قايتىپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي يالغانچى كىشى كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ قاپتۇ. ئوغلى دادىسىنىڭ ئۆلۈمىگە قاتتىق قايغۇرۇپ ئەل - جامائەت كەلگەندە:

— كېسەللىكىنى يوشۇرسام، ئۆلۈمىڭ ئاشكارە بولدىغۇ دادا، — دەپ يىغلاپتۇ.

جامائەت بالىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ نېمە بولغانلىقىنى سوراشقانىكەن، بالا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئاشكارىلاپتۇ. جامائەت: «توۋا» دەپ ياقىقا تۇتۇشۇپتۇ. بالا بۇ ساۋاقنى قوبۇل قىلىپ راستچىل ئادەم بولۇشقا بەل باغلاپتۇ. بۇ ۋەقە پۈتۈن يۇرتقا تاراپ ساۋاق بوپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «كېسەلنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارە» دېگەن ماقال ئاشۇ كەچمىشتىن قېلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
پىچان ناھىيە چىقتىم يېزا قۇمكارىزدىن
**ئابدۇرېشىت قاسىم**

# پىتىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالما

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى، بىزدىن يىراق ماكاندا بىر يۇرت بولغانىكەن. ئاشۇ يۇرت پادىشاھىنىڭ خەۋپ - خەتەر، بەخت - سائادەتتىن بېشارەت بېرىپ تۇرىدىغان، پادىشاھ ھەرقانداق نەرسىدىن ئەزىز كۆرىدىغان دانا بىر شاتۇتىسى بار ئىكەن.

بىر كۈنى شاتۇتى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ئەي ھۆرمەتلىك شاھ، مەن ئاتا - ئانامدىن، قان - قېرىنداشلىرىمدىن ئايرىلىپ ئۇزلىرىنىڭ خىزمەتلىرىدە بولغىلى ئون ئىككى يىل بوپتۇ، ماڭا قىرىق كۈنلۈك رۇخسەت بەرسىلە، مەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ كەلسەم، — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ.

پادىشاھ شاتۇتىنىڭ سۆزىدىن ساراسىمىگە چۈشۈپ:

— ئەي ئەزىز شاتۇتى، ساڭا رۇخسەت بەرسەم، سەن كەلمەيسەن، شۇڭا بارمىساڭ، — دەپتۇ. شاتۇتى:

— بىزنىڭ نەسلىمىز ئەزەلدىن ۋەدىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، يالغان سۆزلىمەيدۇ، مەنمۇ ھەرگىز يالغان سۆزلىمەيمەن، قايتىپ كەلمەسلىككە ھەددىم ئەمەس، — دەپتۇ شاتۇتى پادىشاھنى خاتىرجەم قىلىپ.

پادىشاھ ئىلاجسىز شاتۇتىغا قىرىق كۈنلۈك رۇخسەت بېرىپتۇ.

شاتۇتى پادىشاھنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن

كىچە ـ كۈندۈز ئۇچۇپ، نۇرغۇن جەبىر ـ جاپالارنى يېگىپ، ئۆز يۇرتىغا يېتىپ بېرىپتۇ. شاتۇتى ئۆز ئاتىسىنىڭ قازا قىلغىلى سەككىز يىل، ئانىسىنىڭ قازا قىلغىلى توت يىل بولغانلىقىنى بىلىپ چەكسىز قايغۇرۇپتۇ. شاتۇتى باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن هال ـ مۇڭ ئېيتىشىپ، ۋاقىت ناھايىتى تېز ئۆتۇپتۇ.

شاتۇتىنىڭ قايتىش ۋاقتىمۇ بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئانا ماكانىنى قانغۇچە ئايلىنىپ بولالماپتۇ، بىراق ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشى لازىم ئىكەن. مۇساپىر دوستىنىڭ دەردىنى چۈشەنگەن باشقا شاتۇتىلار:

— سەن قايتماقچى بولۇۋاتىسەن، بىزنىڭ ساڭا سوۋغا قىلغۇدەك، پادىشاھنىڭ نەزىرىدىن ئۆتكۈدەك چوڭ سوۋغىتىمىز يوق. شۇنداقتىمۇ بىر تال ئۇرۇق سوۋغا قىلايلى، بۇ ئۇرۇقنى تېرىپ ئۇندۇرۇپ، ئۆستۇرۇپ مېۋىلەتكەندىن كېيىن مېۋىسىنى يېگەن ئادەم قېرىمايدۇ، قېرى بولسا ياشلىققا قايتىدۇ، — دەپ ئۇرۇقنى شاتۇتىغا بېرىپتۇ.

شاتۇتى بۇ خىسلەتلىك ئۇرۇقنى ئېلىپ، بۇرادەرلىرى بىلەن خوشلىشىپ، مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن مۆھلەت ئىچىدە ئوردىغا قايتىپ كېلىپ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. پادىشاھ دانا شاتۇتىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىدىن چەكسىز خۇشال بوپتۇ. شاتۇتى خاسىيەتلىك ئۇرۇقنى پادىشاھقا بېرىپتۇ ۋە ئۇرۇقنىڭ خاسىيىتىنى چۈشەندۈرۈپتۇ. پادىشاھ:

— مەن ئۇزۇندىن بۇيان ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى، ياشىرىشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتىم. مۇرادىم ھاسىل بولىدىغان بولدى، — دەپ تېخىمۇ خۇشال بوپتۇ. ئاندىن ئۇلۇغ

قول ۋەزىرىگە بۇ خاسىيەتلىك ئۇرۇقنى تېرىپ ئۆستۈرۈپ، مېۋىسىنى ئەكېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

ۋەزىر خاسىيەتلىك ئۇرۇقنى تېرىپ بەش يىل پەرۋىش قىلغاندىن كېيىن، كۆچەت مېۋىلىك دەرەخ بولۇپ يېتىلىپ چېچەكلەپ مېۋە بېرىشكە باشلاپتۇ. لېكىن، بۇ خاسىيەتلىك مېۋىلىك دەرەخ ئۆسكەن جايغا يېقىن ئەتراپتا بىر يىلان ياشايدىكەن. يىلان ۋەزىرنىڭ گەپ ـ سۆزىدىن بۇ كۆچەتنىڭ مېۋىسى ئادەمنى ياشارتىدىغانلىقىنى بىلىۋالغانىكەن. شۇڭا ئۇ يىلان دائىم كامىرىدىن بېشىنى چىقىرىپ خاسىيەتلىك مېۋىنىڭ پىشىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئاخىر مېۋە پىششقا باشلاپتۇ. پەيت كۈتۈۋاتقان ھېلىقى يىلان ھەر كۈنى كېچىسى ئۇۋىسىدىن چىقىپ، قايسى مېۋە پىشقان بولسا شۇ مېۋىگە زەھەرلىك نەشتىرىنى سانجىپ مېۋە شىرنىسىنى شورىۋالىدىغان بوپتۇ. بۇنى ۋەزىر سەزمەپتۇ.

بىر كۈنى ۋەزىر پىشقان مېۋىلەرنى ئالتۇن لىگەنگە ئېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپتۇ. پادىشاھ:

— بۇ خىسلەتلىك مېۋىنى ئالدى بىلەن دادامنىڭ تامىقىنى ئېتىدىغان ئاشپەز ئۇستامغا بېرەي. ئاندىن كېيىن مەن يەي، — دەپ ئاشپەزنى چاقىرىپ مېۋىنى يېيىشكە بۇيرۇپتۇ. ئاشپەز پادىشاھتىن مېۋىنىڭ خىسلىتىنى ئاڭلاپ ئالەمچە خۇشال بوپتۇ، ئەمما مېۋىنى بىر چىشلەم يېيىش بىلەنلا شۇ ھامان يىقىلىپ ئۆلۈپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ غەزەپلىنىپ:

— بۇ ئەبلەخ شاتۇتى مېنى قەستلىگەنىكەن، ھالاك بولغىلى تاس قاپتىمەن، جاللات! بۇ شاتۇتىنى ئۆلتۈرۈڭلار! — دەپ پەرمان قىپتۇ. شاتۇتى دەرھال ئۇچۇپ كۆكتە ئىككى ئايلانغاندىن كېيىن:

— ئەي يېنىك پىكىرلىك شاھىم، مەن سىلىگە يامانلىق ئويلىغان ئەمەس، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى بۇ سىر ئېچىلىدۇ. ھازىرچە بىز خوشلىشايلى، — دەپتۇ ۋە، ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ خەلق ئىچىدە «پادىشاھنىڭ بېغىدا ئادەم يېسە ئۆلىدىغان مېۋە بار ئىكەن» دېگەن گەپلەر تارقىلىپتۇ.

شاتۇتى پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىن چىقىپ ئۆز يۇرتىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ بۇرادەرلىرىگە خاسىيەتلىك ئۇرۇقتىن ئەجەل مېۋىسى پىشقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. دانا شاتۇتىلار تەئەججۇپ بىلەن ھەر خىل پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇپتۇ ۋە ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىپ: «ياخشىسى، كېلەر يىلى مېۋە پىشىشتىن ئىلگىرى سەن شاھ بېغىغا بېرىپ كېچە - كۈندۈز يوشۇرۇنۇپ مېۋىنى كۆزەتكىن» دېيىشىپتۇ. شاتۇتى بۇرادەرلىرىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆرۈپ، كېچىسى يىلاننىڭ مېۋىنىڭ شىرنىسىنى شورايدىغانلىقىنى سېزىپتۇ.

ئەمدى گەپنى مۇشۇ شەھەردىكى داڭ چىقارغان قېرى قىمارۋازدىن ئاڭلايلى، بۇ قېرى قىمارۋاز بىر كۈنى ئۆزىنىڭ بارلىق مال - دۇنيالىرىنى ئۇتتۇرۇپ بولۇپ، باشقا قىمارۋازلاردىن پۇل ئۆتنە ئېلىپ يەنە قىمار ئويناپتۇ. ئۇنىمۇ ئۇتتۇرۇۋېتىپ نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭغا ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق كەپتۇ. قىمارۋازلار:

— پۇلىمىزنى ھازىر بەر، بولمىسا جېنىڭنى ئالىمىز، — دەپتۇ. ئامالسىز قالغان قېرى قىمارۋاز ئۆلۈۋېلىشنى ئويلاپ، باشقىلارغا:

— مەن پادىشاھنىڭ بېغىدىكى بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە بىر ئاز پۇل كۆمۈپ قويغان. شۇ يەردىكى پۇلۇمنى

ئېلىپ بېرەي، بىللە بارايلى، — دەپتۇ.
ئۇلار بىرلىكتە ھېلىقى دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىشىپتۇ. مۇشۇنداق بىر پەيتنى كۈتۈپ تۇرغان شاتۇتى دەرەخنىڭ ئېگىز شېخىدىكى يىلان تېخى يېقىن كەلمىگەن بىر تال مېۋىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ. قېرى قىمارۋاز ئالدىغا چۈشكەن مېۋىنى ئالدىراپ ئېلىپ يەۋېتىپتۇ، لېكىن ئۇ ئۆلۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ياش يىگىتكە ئايلىنىپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن باشقا قىمارۋازلار: «سەن قەرزنى بېرىشتىن قېچىپ ئۆزگىرىۋاپسەن، پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارىمىز» دەپ جېدەل - غوۋغا بىلەن قېرى قىمارۋازنى سۆرەپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىشىپتۇ.
پادىشاھ غوۋغاچىلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قەرزدار قېرى قىمارۋازدىن:
— سەن قانداق قىلىپ ياش بولۇۋالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— مەن قىمار ئويناپ قەرز بولۇپ قالغاندىم، بۇلار قىستاپ تۇرۇۋالدى. قەرزنى تۆلىيەلمىگەچكە ئۆلۈپ قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئەجەل مېۋىسىنى يېگەندىم، مۇشۇنداق ياشىرىپ قالدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قېرى قىمارۋاز.
پادىشاھ ھەيران بولۇپ ياساۋۇللىرىنى ھېلىقى مېۋىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. شۇ چاغقىچە شاتۇتى يىلان شىرىنىسىنى شوراپ زەھىرىنى قالدۇرۇپ قويغان مېۋىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۈزۈپ ئادەم بارمايدىغان جايغا تاشلىۋېتىپ ئۈلگۈرۈپتۇ. ياساۋۇللار مېۋىنى كەلتۈرگەندىن كېيىن پادىشاھ بىر قېرى ۋەزىرنى ھېلىقى مېۋىدىن يېيىشكە بۇيرۇپتۇ. قېرى ۋەزىر مېۋىدىن بىر تال يېگەنىكەن، شۇ ھامان ياش يىگىتكە ئايلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھمۇ

خاسىيەتلىك مېۋىنى يەپ ياشلىقىغا يېنىپتۇ. پادىشاھ قەرزدار قېرى قىمارۋازنىڭ قەرزىنى تۆلەپ بېرىپتۇ ۋە قىمارۋازلارغا بۇنىڭدىن كېيىن قىمار ئوينىماسلىقنى ئېيتىپتۇ.

بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغان شاتۇتى ئوردىغا كىرىپ پادىشاھقا ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن:

— ئەي پادىشاھىئالەم، مەندىن ئورۇنسىز گۇمانلىنىپ مېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغان ئىدىلە، ئەمدى مەن سوۋغا قىلغان ئۇرۇقنىڭ مېۋىسىنى يەپ ياشىرىپ قالدىلا، «گۇمان ئىماننى قاچۇرۇپتۇ» دېگەن گەپ راست ئىكەن، ھېلىھەم بولسا قېرى ئاشپەزنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەپچى بولغان يىلاننى كونا تاملىقتىكى ئۆۋىسىدىن تېپىپ ئۆلتۈرمىسىلە، كۆنلەرنىڭ بىرىدە يەنە بىركىم غەزەپلىرىگە ئۇچرايدۇ. ئەمدى مېنى ئۆلتۈرسىلىمۇ مەيلى، — دەپتۇ.

پادىشاھ قىلغانلىرىدىن ئەپسۇسلىنىپ شاتۇتىدىن ئەپۇ سوراپتۇ ۋە ئوردىدا قېلىپ دانا مەسلىھەتلەرنى بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئەمما، شاتۇتى قانات قاققىنىچە ئۇچۇپ كېتىپتۇ. پادىشاھ شاتۇتىنى ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، كۆپ ھەسرەت ـ نادامەت چېكىپتۇ. بۇ ئىش ئەل ئىچىگە تاراپ ھېكايەت بوپتۇ. دانالار بۇنىڭغا قارىتا: «پىتىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالما» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى قالدۇرغانىكەن. بۇ سۆز بىزگىچە يېتىپ كەپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
پىچان ناھىيە چىقتىم يېزا قۇمكارىز مەھەللە تۇغان كارىزدىن
**ئابدۇرېشىت قاسىم**

# ھەممە ئىشنىڭ ھەددى ياخشى

بۇرۇنقى زاماندا بىر بوۋاي بىلەن موماي ئۆتكەنىكەن. بوۋاي ئاتمىش بەش ياش، موماي ئاتمىش ياشلاردا ئىكەن. ئۇلار كۈنىنى جاڭگالدىن ئوتۇن ئەكىلىپ سېتىپ ئۆتكۈزىدىكەن. بوۋاي ئوتۇن تەرگىلى كەتسە، موماي ئۆي ئىشلىرى بىلەن ھەپىلىشىدىكەن. ئۇلار كەمبەغەل بولسىمۇ، بىر - بىرىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلىپ خۇشال - خۇرام ياشايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوۋاي جاڭگالغا ئوتۇنغا بېرىپتۇ. قايتىشىدا قاتتىق بوران چىقىپ كېتىپ يولدىن ئادىشىپ قاپتۇ. بوران توختىغاندىن كېيىن ئۇ ئۇيان مېڭىپ، بۇيان مېڭىپ بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، يىراقتا بىر توپ قۇشلار ئۇچۇپ يۈرگىدەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆڭلىدە: «قۇش بار يەردە ئادەم، ھېچ بولمىغاندا سۇ بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپ شۇ تەرەپكە قاراپ يول ئاپتۇ. بوۋاي مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئاخىر بىر ئورمانلىققا كەپتۇ. بۇ يەردە ھەقىقەتەن سۈيى سۈپ - سۈزۈك بىر بۇلاق بار ئىكەن. كۆپ يول يۈرۈپ ئۇسساپ چاڭقاپ كەتكەن بوۋاي ھېلىقى بۇلاقتىن بىر ئوچۇم سۇ ئىچىپتۇ - دە، شۇ ھامان ئۆزىدە ئاجايىپ بىر خىل ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىپتۇ. بوۋاينىڭ يۈز - قوللىرىدىكى قورۇقلار يوقاپ تېنىگە

كۈچ - قۇۋۋەت پەيدا بولۇپتۇ، ئاقىرىپ كەتكەن چاچ - ساقاللىرى قارىداپ ئەسلىدىكىگە قارىغاندا خېلى ياشىرىپ قاپتۇ. بوۋاي بۇلاق سۈيىدىن يەنە بىر ئوچۇم ئىچكەنىكەن، بايىقىدىنمۇ ياشىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ بۇلاق سۈيىدىن يەنە ئىچىپتۇ، ئاخىر ساقال - بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتقان ياش بىر يىگىتكە ئايلىنىپتۇ. ئۇ بۇلاق سۈيىنى يەنە ئىچمەكچى بولۇپتۇ - يۇ، لېكىن كۆڭلىدە: «بۇ بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچكەنسېرى ئادەمنىڭ يېشى شۇنچە كىچىكلەيدىكەن، هازىر ياش يىگىتكە ئايلاندىم. بولدى، مۇشۇنىڭغا قانائەت قىلاي، يەنە ئىچىپ كىچىك نادان بالىغا ئايلىنىپ قالماي» دەپ ئويلاپتۇ - دە، ئۆيىنى ئىزدەپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇ كۆپ يول مېڭىپتۇ، ماڭغاندىمۇ مول مېڭىپتۇ، لېكىن ئۆزىدە هېچقانداق هارغىنلىق هېس قىلماپتۇ. ئۇ ئاخىر ئۆيىگە كەپتۇ، ئەمما ئوتۇن يۈدۈپ ئۆيىگە كىرگەن بۇ «يىگىت» نى موماي تونۇماي قاپتۇ. «يىگىت» مومايغا تونۇشلۇق بېرىپ بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاخىر موماي هېلىقى «يىگىت» نىڭ ئۆز ئېرى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپتۇ. لېكىن، موماي كۆڭلىدە: «ئېرىم ياش يىگىتكە ئايلىنىپتۇ، مەن بولسام قېرى موماي هالىتىدە تۇرۇۋېتىمەن، ئەمدى ئېرىم مېنى ياراتمايدۇ، هامان بىر كۈنى مېنى تاشلىۋېتىپ ياش بىرىگە ئۆيلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە مەنمۇ دەرهال ئاشۇ بۇلاق سۈيىدىن ئىچىپ ياشىرىپ كەلمەيمۇ» دەپ ئويلاپتۇ. موماي تاقەتسىزلىك بىلەن كېچىنى تاڭغا ئۇلاپ سەهەردە سېھىرلىك بۇلاقنى ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ ئېرى ماڭغان يول بىلەن مېڭىپ بۇلاقنى تېپىپتۇ. موماي بۇلاقتىن بىر ئوچۇم سۇ ئېلىپ

ئىچكەنىكەن، شۇ ھامان بىر جۇۋانغا ئۆزگىرىپتۇ. ئۇ خۇشاللىقتا بۇلاق سۈيىدىن بىر قانچە ئوچۇم ئىچىپ ياش قىزغا ئايلىنىپتۇ. موماي ئۇنىڭغا قانائەت قىلماي تېخىمۇ ياش، تېخىمۇ گۈزەل بولۇپ ئۆزگىرىش ئۈچۈن بۇلاق سۈيىنى ئىچىۋېرىپتۇ. لېكىن، ئۇ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە بىر كىچىك نادان قىزغا، ئاخىر بېرىپ بوۋاق بالىغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

مومايىنىڭ ئېرى ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرسا مومىيى يوق تۇرغۇدەك، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مومىيىنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. ئۇ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئاخىر بۇلاق بېشىغا كېلىپ قاپتۇ. قارىسا يەردە بىر بوۋاق «ئىڭگە! ئىڭگە!» دەپ يىغلاپ ياتقۇدەك، بوۋاقنىڭ يېنىدا مومىيىنىڭ كۆڭلەك، ياغلىقلىرى بار ئىكەن. «يىگىت» ئويلاپ ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ ـ دە، «ئىش لايىقىدا بولسا ياخشى بولاتتى» دەپ بوۋاقنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. يۇرتداشلىرى بولغان ئىشنى سورىغانىكەن، ئۇ ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. يۇرتداشلىرى ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ: «ھەممە ئىشنىڭ ھەددى ياخشى ئىكەن» دېيىشىپ بۇ ئىشتىن ئىبرەت ئېلىشىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «ھەممە ئىشنىڭ ھەددى ياخشى» دېگەن ماقال ئاشۇ بوۋاي، مومايىنىڭ كەچمىشىدىن قېلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
تۇرپان شەھەر ئاستانە يېزىسىدىن

**ئابدۇراخمان ئابدۇللا**

# نادانني تادان ئوڭلايدۇ

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى بىر يۇرت بولغانىكەن. ئاشۇ يۇرتتا بىر نادان بىلەن بىر تادان ئۆتكەنىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇلار ئىككىسى بىرگە سەپەرگە چىقىپتۇ. يول ئۈستىدە ئۇلارغا لىققىدە پۇل سېلىنغان بىر پۇل قاپچۇقى ئۇچراپتۇ. ئىككىسى ئۇنى تالىشىپ قاپتۇ. تادان بۇنداق تالىشىپ ناداندىن ئۇ پۇلنى ئالالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، بىر ئەقىل ئىشلىتىپتۇ.

— ھەي نادان، ئاۋۇ يول بويىدىكى ئۇجمە دەرىخىنى كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ تادان.

— كۆردۈم، — دەپتۇ نادان.

— ئىككىمىزدىن بىرىمىز ئۇجمە دەرىخىگە چىقايلى، بىرىمىز پەستە قېلىپ ئۇجمە دەرىخىنىڭ غولىغا تېپەيلى. تەپكەن ئادەم دەرەخ ئۈستىدىكى ئادەمنى يەرگە چۈشۈرۈۋېتەلىسە ئۇتقان بولسۇن، چۈشۈرۈۋېتەلمىسە ئۇجمە دەرىخى ئۈستىدىكى ئادەم ئۇتقان بولسۇن، كىم ئۇتسا پۇلنى شۇ ئالسۇن، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ — دەپتۇ تادان.

نادان ئويلىمايلا:

— ئۇنداق بولسا ئۇجمە دەرىخىگە مەن چىقاي، سەن ئۇجمىنى تەپكىن، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ۋەدىلىشىپتۇ. نادان ئۇجمە دەرىخىگە چىقىپ، يوغان بىر شاخنى مەھكەم قۇچاقلاپ

تورۇپتۇ.

— قانداق، جايلىشىپ بولدۇڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ تادان.

— ھەئە، جايلىشىپ بولدۇم، قېنى تەپكىن، — دەپتۇ نادان.

تادان ئۆجمە دەرىخىگە يۆتىنىڭ ئۇچى بىلەن ئاستا بىرنى تېپىپ قويۇپلا قىرغا بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. نادان ئەمدى پۇل قاپچۇقى مېنىڭ بولدى، دەپ ئويلاپ دەرەختىن خۇشال ھالدا سەكرەپ چۈشۈپتۇ. تادان نادانىڭ دەرەختىن چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ پۇل قاپچۇقىنى قوينىغا ساپتۇ. بۇنى كۆرگەن نادان:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ، ۋەدەڭدە تۇرمامسەن؟! — دەپتۇ.

تادان بەخىرامان ھالدا:

— ئېيتىپ باقە، مەن ئۆجمە دەرىخىگە بىرنى تەپسەم مانا سەن يەرگە چۈشتۈڭغۇ، سەن ھازىر ئۆجمە دەرىخى ئۈستىدىمۇ ياكى يەردىمۇ؟ — دەپتۇ.

نادان ئاغزىنى ئېچىپلا قاپتۇ. تادان بۇ ئىشنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش پۈتۈن يۇرتقا تاراپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «نادانىنى تادان ئوڭلايدۇ» دېگەن ماقال نادان بىلەن تادانىڭ ئاشۇ كەچمىشىدىن قالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
پىچان ناھىيە پىچان يېزا قورغان مەكتەپتىن
**ئامىنە نىياز**

# يالغانچىغا ئالدانساڭ ئۆۋالىڭ ئۆزۈڭگە

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى، هازىر نامى ئۆچكەن بىر يۇرت بولغانىكەن. ئاشۇ يۇرتتا سەمەت يالغان، ئەمەت دىڭ ـ دىڭ دەپ ئىككى كىشى ئۆتكەنىكەن. سەمەت يالغان خۇشچاقچاق، قىزىقچى ئادەم بولۇپ، يالغان گەپ تاپالمىغاندا راستىنى قوشۇپ سۆزلەپ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى خۇش ئېتىدىكەن. ئەمەت دىڭ ـ دىڭ داۋاملىق سەمەت يالغاننىڭ ئالدىغا بىرىپ چىشىغا تېگىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەمەت يالغان ئالدىراش بىر ئىش بىلەن كېتىۋاتسا، ئىشىكىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئەمەت دىڭ ـ دىڭ ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ سالام بىرىپتۇ. سەمەت يالغان ئۇنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىپ ئۆز يولىغا مېڭىشقا تەمشەلگەندە، ئەمەت دىڭ ـ دىڭ:

— هەي سەمەت يالغان، نىمە شۇنچە ئالدىرايسەن، — دەپ ئالدىنى توسۇۋاپتۇ. ئىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىدىن بەكمۇ ئالدىراۋاتقان سەمەت يالغان:

— هە، نىمە زۆرۈر گېپىڭ بار ئىدى، قىنى چاپسان دىگىن، — دەپتۇ.

— باشقا زۆرۈر گېپىممۇ يوق، زىرىكىپ سىنى ئىزدەپ باراي دەپ تۇرغان، ياخشى ئۆزۈڭ كېلىپ قالدىڭ، بىر يالغان ئېيتىپ بەرسەڭ ياخشى بولاتتى، —

دەپتۇ ئەمەت دىك ـ دىك.
شۇنىڭ بىلەن سەمەت يالغان:
«توختا، بۇ قېرى دىك ـ دىكنى ئۆزىنىڭكىنى ئۆزىگە، تـوپىسىنى كۆزىگە قىلىپ بىر بابلاي» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، تىت ـ تىت بولغان قىياپەتتە:
— مەن ئالدىرايمەن ماڭغىلى، ئېشىكىم ئالدىرايدۇ ياتقىلى دېگەندەك، ئىشىمنىڭ زۆرۈرلۈكىدىن بىر ئېغىز گەپ قىلىشقا تاقىتىم قالمايۋاتسا، بىر تىيىنگە ئەرزىمەيدىغان قۇرۇق گەپ ئۇچۇن مېنى ئاۋارە قىلمىساڭچۇ. بۈگۈن دەرياغا كەلكۈن كېلىپ نۇرغۇنلىغان ياغاچ ـ تاش، ئوتۇن ـ چاۋارلارنى ئېقىتىپ كېلىۋاتقۇدەك، ساڭا ئېيتىپ بېرىدىغان «يالغان» ئامانەت قېلىپ تۇرسۇن. ياغاچ ـ تاشلارنى سۈزۈۋېلىپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، خۇدا ئامان قىلسا راسا قىزىقنى ئېيتىپ بىر نۆۋەت كۆڭلۈڭنى خۇش قىلىۋېتەرمەن، — دەپ مېڭىشقا ئالدىراپتۇ.
ياغاچ ـ تاشنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ئەمەت دىك ـ دىكنىڭ بۇ تەييار ئولجىنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويغۇسى كەلمەي:
— بەللى سەمەت يالغان، بالدۇرراق دېسەڭ بولماسمىدى. بىر ئاز تەخىر قىلىپ ئوغلۇم مەمەتنىمۇ بىرگە ئېلىۋال، ئۇ ساڭىمۇ ياردەملەشكەچ ياغاچ ـ تاش سۈزۈپ كەلسۇن، — دەپتۇ.
ئەمەت دىك ـ دىكنىڭ ئالدانغانلىقىنى پەملىگەن سەمەت يالغان:
— ئەمىسە مەن ماڭغاچ تۇراي، ئوغلۇڭ ئارقامدىن يەتسۇن، — دەپ يولغا راۋان بوپتۇ ۋە ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، ئۆيىگە قايتىپ ئۇخلاپتۇ.

ئەمەت دىك ـ دىكنىڭ چوڭ ئوغلى مەمەت دادىسىنىڭ دېگىنى بويىچە سەمەت يالغاننى ئىزدەپ دەريا بويىغا يېتىپ كەپتۇ. مەمەت سەمەت يالغاننى كەچكىچە ساقلاپ ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ، دادىسىنىڭ تەنتەكلىكىگە ئۆكۈنۈپ، ئۆيىگە قاراپ يول ئاپتۇ.

سەمەت يالغان بولسا ئۇيقۇسىنى ئۇخلاپ كۈن ئولتۇراي دېگەندە ئويغىنىپتۇ. ئۇ ئىشىك ئالدىغا چىقىشىغا، ئەمەت دىك ـ دىك ئاسماندىن چۈشكەندەك ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپتۇ ـ دە!

— هوي سەمەت يالغان، دەريا بويىدىن قاچان كەلدىڭ؟ بىزنىڭ مەمەت قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قويغىنە ئاداش، شۇنىمۇ بالام بار دەپ بېقىپسەن، — دەپتۇ سەمەت يالغان قايغۇلۇق قىياپەتتە. بۇنى ئاڭلىغان ئەمەت دىك ـ دىك ساراسىمىگە چۈشۈپ:

— ئېنىقراق بىر نېمە دېسەڭچۇ؟ زادى نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ يەنە.

— ئېيتىمىسام بولمىدى ئاداش، ئوغلۇڭ دەريادىن ئېقىپ كېلىۋاتقان بىر تال ياغاچنى سۈزىمەن دەپ ئۆزىنى دەرياغا شۇنداق ئېتىشىغا ئۇلۇغ كەلكۈن ئۇنى بىرلا يۇگەپ قاينامغا تاشلىدى. مەن كۆپ ئۇرۇنغان بولساممۇ قۇتقۇزۇشقا قۇربىم يەتمەي قايتىپ كەلدىم، — دەپتۇ سەمەت يالغان كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەن قىياپەتتە.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ئەمەت دىك ـ دىك غال ـ غال تىترەپ: «ۋاي بالام! باغرىم بالام! يۈرىكىمنىڭ پارىسى بالام! سەن قەيەردە؟!» دەپ يىغلىغىنىچە ئۆيىگە قايتىپ ئەھۋالنى ئۆيدىكىلەرگە

ئېيتىپتۇ. پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر مەمەتنىڭ ھازىسىنى ئېچىپ زار - زار يىغلىشىپتۇ.

قاش قارايغان مەزگىلدە سەمەت يالغان مەمەتنىڭ دەريا بويىدىن يېنىشىنى كۈتۈپ مەھەللە دوقمۇشىدا ساقلاپ تۇرۇپتۇ. دېگەندەك مەمەت ئېشەكتە يانچە ئولتۇرۇپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ يېتىپ كەپتۇ.

— يا ھەزرەت، تولىمۇ مىس - مىس بىر نېمىكەنسەن، ئادەمنى شۇنچىمۇ تەقەززا قىلامسەن؟ — دەپتۇ سەمەت يالغان ئەنسىز قىياپەتتە.

— ئاشۇ بىر تۇتام بىدىدەك ساقىلىڭنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمايدىغان بولسام، بېلىڭدىن ئېلىپ دەرياغا تاشلىۋەتسەممۇ دەردىم چىقمايدۇ، — دەپتۇ مەمەت غەزەپ بىلەن.

— بۇنچىلىك چاقچاققا شۇنچىۋالا چىچىلىپ كېتىسەنۇ، ئۆيۈڭدىكى بالا - قازانى ئاڭلىساڭ ئۆزۈڭنى ئۆلتۈرۈۋالىدىغان ئوخشىمامسەن؟ بۇ يەردە مېنىڭ ساقىلىمغا يامىشىمەن دېمەي، دەرھال ئۆيۈڭگە بار، بايىلا كىچىك ئوغلۇڭ سۇغا چۈشۈپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. سېنى دەريا بويىدا ساقلاتقان گۇناھىمنى يۇيۇش ئۈچۈن ئالدىراپ ساڭا خەۋەر قىلغىلى كېتىۋاتقانىدىم، ياخشى ئۇچراپ قالدىڭ، — دەپتۇ سەمەت يالغان.

مەمەت بېشىغا بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك چۆچۈپ ئېشەكتىن سەكرەپ چۈشۈپتۇ - دە، ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ھالدا ئۆيىگە يۈگۈرۈپتۇ، ئۇ ھويلىغا كىرسە ئۆي ئىچىدىن: «ۋاي بالام! ۋاي بالام!» دېگەن يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ: «ۋاي بالام! جىگىرىم بالام! ئاھ بالام! ئاپئاق

قوزام! » دەپ يىغلىغان پېتى ئۆيگە كىرىپتۇ. ئۆيدىكىلەر «مەمەتنىڭ ئوت - پىراقىدا» زار - زار يىغلاپ چىراغ يېقىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغاچقا ھېچكىم ھېچكىمنى پەرق ئېتەلمەپتۇ. ئۇلارنىڭ يىغا - زارى پۈتۈن مەھەللىنى قاپلاپتۇ. شۇ چاغدا بىرىنىڭ ئەقلىگە چىراغ يېقىش كېلىپ، قاراڭغۇدا سىلاپ - سىيپاپ يۈرۈپ چىراغنى ياندۇرۇپ قارىغۇدەك بولسا، «كەلكۈن ئېقىتىپ كەتكەن» مەمەت ۋاي بالام، دەپ داد- پەرياد قىلىشۋاتقۇدەك، «سۇغا چۆشۈپ ئۆلۈپ قالدى» دېگەن بالىنى ئانىسى كۆتۈرۈپ يىغلاۋاتقۇدەك. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمىگەن ھازىدارلار مەمەتكە قاراپ، مەمەت بولسا بالىسىغا قاراپ داڭ قېتىپ قاپتۇ. ئۇلار ئېسىنى يىغىپ پۈتۈن بىر ئائىلىنىڭ ئالدانغانلىقىنى ھېس قىپتۇ - دە، سەمەت يالغان بىلەن ھېسابلاشماقچى بولۇپ قوللىرىغا كالتەكلەرنى ئېلىپ، سەمەت يالغاننىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توۋلاپتۇ:

— ھوي يالغانچى كاززاپ، بۇياققا چىق، سەن بىلەن ئوبدان ھېسابلىشىمىز!

سەمەت يالغان ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق كېلىدىغانلىقىنى ئالدىن پەملىگەنىكەن. شۇڭا ئۇ مىيىقىدا كۈلگەن پېتى ئۆيدىن چىقىپ:

— ئەمىستاخۇن، ئۆزۈڭلار بىر يالغان ئېيتىپ قىزىقچىلىق قىلىپ بەر دەپ دىكىلداپ ئالدىمغا كەلدىڭلار. يالغان دېگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ؟ — دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۆزىگە ئۆزى ئەلەم تاپقان ئەمەت دىك - دىك گەپ تېپىپ بېرەلمەي نائىلاج ئائىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ ئۆيىگە قايتىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «يالغانچىغا ئالدانساڭ ئۇۋالىڭ ئۆزۈڭگە» دېگەن ماقال ئەنە شۇ كەچمىشتىن قالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
پىچان ناھىيە چىقتىم بازىرىدىن

**ئىسمايىل تاھىر**

# ئوقۇغان ئوغۇل ئاتىدىن ئۇلۇغ

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى بىزدىن يىراق ماكاندا، زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ بولغانىكەن. ئاشۇ زاماندا ئاشۇ يۇرتتا بىر پادىشاھ ھۆكۈمدار ئىكەن. شۇ پادىشاھنىڭ زامانىسىدا بىر ئادەم ئوغلىنى مەكتەپتە ئوقۇتقانىكەن.

بىر كۈنى بۇ بالا مەكتەپكە كېتىۋېتىپ پادىشاھقا يولۇقۇپ قاپتۇ.

— ئوقۇپ قايسى دەرسكە كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

بالا كىتابنىڭ «سەت يۈزلۈك» دېگەن دەرسگە كەلگەنىكەن، ئەمما پادىشاھنىڭ سوئالىغا «سەت يۈزلۈك» دەپ جاۋاب بېرىشتىن قورقۇپ:

— «ئاي يۈزلۈك» دېگەن دەرسكە كەلدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

پادىشاھ بالىنىڭ كىتابىنى ئېلىپ كۆرۈپ:

— نېمىشقا يالغان ئېيتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەتىگەندە سىلىگە «سەت يۈزلۈك» دېمەك تەس كەلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن «ئاي يۈزلۈك» دېدىم، — دەپتۇ بالا.

پادىشاھ بالىنىڭ سۆزلىرىدىن خۇرسەن بولۇپ ئۇنىڭغا بىر تىللا بېرىپتۇ. بالا:

— پادىشاھ خورسەن بولسا بىرنى ئەمەس، ئوننى بېرىدۇ، — دەپ تىللانى ئالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ بالىغا ئون تىللانى بېرىپ كېتىپ قاپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن پادىشاھ ئاددىي كىيىملەرنى كىيىپ، بازارغا چىقىپ ھېلىقى بالىنىڭ ئاتىسىغا يولۇقۇپ قاپتۇ. ئۇ ئادەم ماي سېتىپ ئولتۇرغانىكەن.

— مېيىڭ قانچە تەڭگە؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— ئالتە تەڭگە! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مايچى.

— ھوي، بازاردا ماي تۆت تەڭگىگە سېتىلىۋاتسا، سەن نېمىشقا ئالتە تەڭگىگە ساتىسەن؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئالساڭ ئال، ئالمىساڭ نېرى بار! — دەپتۇ مايچى قوپاللىق بىلەن.

پادىشاھ ئوردىسىغا قايتىپ، نۆكەرلىرىگە مايچىنى تۇتۇپ كېلىپ دارغا ئېسىشقا بۇيرۇپتۇ.

مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەن بالا ئۆيىدىكىلەردىن بولغان ئەھۋالنى ئۇقۇپتۇ ـ دە، دەرھال پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا قاراپ يول ئاپتۇ. بالا ئوردىغا يېتىپ بارغاندا، جاللات ئاتىسىنىڭ ئۆلۈم ھۆكۈمىنى ئوقۇۋاتقانىكەن. پادىشاھ بالىنى كۆرۈپ: «بۇ بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا مەندىن ئون تىللا ئالغان بالىغۇ، ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەندۇ؟ بۇ ئادەم ئۇنىڭ ئاتىسىمىدۇر ـ يا؟» دەپ ئويلاپ:

— ھەي بالا، سەن نېمىدەپ كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ كىشى مېنىڭ ئاتام بولىدۇ، شەپقەتلىك پادىشاھىئالەم مېنى يېتىم قىلماي، ئاتامنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىپ، ئاتامنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ بالا.

— ياق، سىنىڭ ئاتاڭ ئۆلۈمگە لايىق گۇناھ قىلدى، — دەپتۇ پادىشاھ بالىنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلىپ.

— ئۇنداق بولسا ئاتامنىڭ ئاتىسىنى ئۆلتۈرسەڭلار بولىدۇ، ئاتامنى قايتۇرۇپ بېرىۋېتىڭلار! — دەپتۇ بالا قەيسەرلىك بىلەن.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئاتام مېنى مەكتەپتە ئوقۇتقاچقا مەن سىزدىن ئۇن تىللا ئالالىدىم. ئاتامنى ئاتىسى ئوقۇتقان بولسا ئۇمۇ سىزدىن ئون تىللا ئالارىدى، بىراق ئاتىسى ئوقۇتمىغانلىقى ئۈچۈن بېشىغا ئۆلۈم تېپىۋالدى، — دەپتۇ بالا.

پادىشاھ بالىنىڭ سۆزىگە قايىل بولۇپ:

— سەن ئوقۇغانلىقىڭ ئۈچۈن ئاتاڭدىن ئۇلۇغ كەلدىڭ، سىنىڭ ئوقۇغانلىقىڭنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئاتاڭنى ساڭا قايتۇرۇپ بېرەي، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىش ئەل ئىچىدە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ ھېكايەت بولۇپ، «ئوقۇغان ئوغۇل ئاتىدىن ئۇلۇغ» دېگەن ماقال بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
پىچان ناھىيە چىقتىم بازار 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن
**ئابدۇشۇكۇر يۇسۇپ**

# تۆرگە چىققان ھېساب ئەمەس، زەللە ئالغان ھېساب

بۇرۇنقى زاماندا بىر يۇرت بولغانىكەن، ئاشۇ يۇرتتا سابىت دەپ بىر موللا ئۆتكەنىكەن. سابىت موللا ئوقۇمۇشلۇق، ئىلىمدە تونۇلغان بىلىملىك كىشى ئىكەن. سابىت موللا ئاشۇ يۇرتتىكى كىشىلەرگە بىلىم بېرىپ، ئىمامەتچىلىك قىلىدىكەن، شۇڭا يۇرتتىكى ھەممە كىشى ئۇنى ھۆرمەتلەيدىكەن. سابىت موللام ھەرقانداق سورۇنغا قاتناشسا سورۇن ئەھلى ھۆرمەت قىلىپ تۆرگە چىقىرىدىكەن. سورۇن ئىگىسى سابىت موللامنىڭ ئالدىغا زەللە قويۇپ دۇئاسىنى ئالىدىكەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ يۇرتتا سابىت موللامدىن بىلىم ئالغان ئىلىم ئەھلىلىرى كۆپىيىپتۇ. شۇ قاتاردا سابىت موللامدىن بىلىم ئالغان، چوڭ شەھەرلەرگە بېرىپ ئوقۇغان يۇرت بېگىنىڭ مىرشاپ دېگەن ئوغلىمۇ بار ئىكەن. مىرشاپ چوڭ شەھەرگە بېرىپ ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن سابىت موللامنىڭ ئورنىنى تارتىۋېلىش نىيىتىدە يۈرۈپتۇ. ئەمما، بۇنىڭغا ياخشى پۇرسەت تاپالماپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ھەسەت ئۇلغىيىپ ئارام بەرمەپتۇ. ئۇ قانداق قىلىشنى بىلمەي بىر نەچچە ھەمتاۋاق دوستلىرىنى تېپىپ، مەسلىھەت سالماقچى بولۇپ ئۇلارنى مېھمان قىپتۇ. مېھماندارچىلىق تازا ئەۋجىگە

چىققاندا مىرشاپ:

— ئەي بۇرادەرلەر، مەن ئۆزۈڭدىن بىرى بىر قىيىن مەسىلىگە دۇچ كېلىپ ھەل قىلالماي ھەرقايسىڭلارنى،توغرا مەسلىھەت، يول كۆرسىتەرمىكىن دەپ بۇ يەرگە چاقىردىم. قانداق، ماڭا ياردەم قىلارسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

سورۇندىكىلەر بىر ئېغىزدىن:

— قېنى، سەن ئاۋۋال ھەل قىلالمىغان ئىشىڭنى ئېيتىپ باقمامسەن، بىز ئاڭلىغاندىن كېيىن مەسلىھەت بەرمەيمىزمۇ؟ — دەپتۇ.

— سىلەر بىلىسىلەر، ئاتام مۇشۇ يۇرتنىڭ بېگى، مەن بولسام چوڭ شەھەرلەردە ئوقۇپ كەلدىم، بىلىمىم سابىت موللامنىڭ بىلىمىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق. ئۇ بىلىمدە مېنىڭ قولۇمغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ، ئەمەلىيەتتە مەن ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرىپ يۈرىمەن. ھازىر ئۇنىڭ ئورنى ماڭا مەنسۇپ ئورۇن ئىدى، مەن قانداق قىلسام شۇ ئورۇنغا ئېرىشەلەيمەن، مۇشۇ ئىش ئۈچۈن مەسلىھەت بېرىپ، ياردەم قىلساڭلار، — دەپتۇ مىرشاپ.

مىرشاپنىڭ سۆزلىرى سورۇندىكىلەرگە ياقمىسىمۇ «يېگەن ئېغىز ئۇيۇلار» دېگەندەك ئارتۇق گەپ قىلماي جىم ئولتۇرۇشۇپتۇ. مىرشاپ بىردەم ئۇنىڭغا، بىردەم بۇنىڭغا قاراپتۇ. ئۇ بىر نەرسە دەپتۇ، بۇ بىر نەرسە دەپتۇ. ئۇلار تۈزۈك چارە تاپالماپتۇ. ئاخىر سورۇندىكىلەردىن بىرى:

— سابىت موللامنىڭ يۇرتتا ئىززەت - ئابرۇيى بار، شۇنداقلا بىر تەرەپ قىلىنىۋەتكىلى بولمايدۇ، بىز ئۇنىڭ قېرىپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، سورۇنلاردا ئاۋۋال تۆرگە چىقىشىغا يول بەرمەي، ئۆزىمىز تېزلىك بىلەن سورۇننىڭ تۆرىگە چىقىۋېلىپ ئۇنى پەگاھتا قويساقلا، تۆر ئۆزلۈكىدىن

مىرشاپنىڭ بولمامدۇ، — دەپتۇ.

بۇ تەكلىپ مىرشاپقا يېقىپتۇ ھەم ئەل ئىچىگە تاراپ سابىت موللامنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە شۇ يۇرتتىكى بىر باينىڭ ئۆيىدە مەرىكە بوپتۇ. يۇرت قائىدىسى بويىچە باي پۈتۈن يۇرتتىكى جامائەتنى مەرىكىگە تەكلىپ قىپتۇ. جامائەت قاتارىدا مىرشاپمۇ بۇرادەرلىرى بىلەن بار ئىكەن. ئۇلار باينىڭ ئۆيىگە كەلگەندە ھە - ھۇ بىلەن مىرشاپنى تۆرگە چىقىرىپ قويۇپتۇ. سابىت موللام پەگاھدا قاپتۇ. مىرشاپ تۆرگە چىقىپ ئۆزىچە كېرىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۆي ئىگىسى بۇنى كۆرۈپ ئوڭايسىز ھالەتتە قاپتۇ، مىرشاپنى چۈشۈرۈۋېتەي دېسە بەگ بالىسى بولغاچقا گەپ قىلالماپتۇ. باي تەڭقىسلىقتا:

— سابىت موللام، سەت ئىش بولدى، ئالدىلىرىدا خىجىلمەن، — دەپتۇ. سابىت موللام ساھىبخاننى خىجالەتتىن خالاس قىلىپ:

— ئۆينىڭ ھەممە يېرى سىلىنىڭ، سىلىنىڭ كۆڭۈللىرى ماڭا تېگىل بولدى، مەن ئۈچۈن تۆر بىلەن پەگاھ ئوخشاش، — دەپتۇ.

سورۇن ئاخىرلىشىپ داستىخان يىغىلىپتۇ. جامائەت سابىت موللامنى دۇئا قىلىپ بېرىشكە ئۈندەپتۇ. سابىت موللام مىرشاپنىڭ ئىشىدىن ئالدىن خەۋەردار بولغاچقا:

— دۇئا قىلىش تۆردىن كەلسۇن، — دەپ دۇئا قىلىشنى مىرشاپقا ئۆتۈنۈپ بېرىپتۇ. سورۇندىكى جامائەتنىڭ ھەممىسى مىرشاپقا باشقىچە كۆزدە قاراپتۇ. مىرشاپ جامائەتنىڭ قارىشىدىن ھودۇقۇپ كېتىپ دۇئانى قاملاشتۇرالماپتۇ. سابىت موللام جامائەتنىڭ تەكلىپى بىلەن دۇئانى قايتا قىلىپ تاماملاپتۇ. ئۆي ئىگىسى سابىت موللامنىڭ ئالدىغا خېلى كېلىشتۈرۈپ زەللە قويۇپتۇ. سورۇندىكى ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرغان يۇرت ئەھلى بىر

ئېغىزدىن:

— تۆرگە چىققان ھېساب ئەمەس، زەللە ئالغان ھېساب، — دېيىشىپتۇ. سورۇندىن كۆلكە كۆتۈرۈلۈپتۇ. مىرشاپ جامائەت ئارىسىدا تۇرالماي چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىش پۈتۈن يۇرتقا ھېكايەت بولۇپ تاراپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «تۆرگە چىققان ھېساب ئەمەس، زەللە ئالغان ھېساب» دېگەن ماقال شۇ كەچمىشتىن قېلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
پىچان ناھىيە چىقتىم بازىرى توغان كارىزدىن
راجى ئابدۇرېشىت

# يىغلاپ تۇرۇپ قىر چاپ، ئويناپ ـ كۈلۈپ سۇ ئاچ

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر بوۋاي ئۆتكەنىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوۋاي ئوغۇللىرىنى ئەگەشتۇرۇپ ئېتىز بېشىغا بېرىپتۇ ۋە ئۇلارنى كۈزگى بۇغداي ئېتىزىنىڭ قىرىنى ئېتىشكە بۇيرۇپتۇ. ئۆزى بولسا ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنى كۆزىتىپ ئېتىز ياقىسىدىكى سۆگەت سايىسىدا ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.

بالىلار قىزغىن ئىشقا چۈشۈپتۇ. بىراق، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىشتىن زېرىكىپتۇ ـ دە، قىرنىڭ ئۈستىگە توپىنى ئوغۇت چاچقاندەك نېپىز تاشلاپ، ئېتىزلارنى لىقمۇ لىق سۇ ئېچىپ ئوسا قىلىدىغانلىقىنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇپتۇ. ئۇلار بىردەمدىلا ئىشنى تۈگىتىپ، ئېتىزغا سۇ باشلاش نۆۋىتى كەلگۈچە بىر ـ بىرى بىلەن چېلىشىپ ئويناپتۇ، پاراڭلىشىپ راسا قاقاقلاپ كۈلۈشۈپتۇ.

بوۋاي بالىلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ، بىر تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئىناق ئويناپ ـ كۈلگەنلىكىدىن رازى بولسا، بىر تۇرۇپ قول ئۈچىدىلا ئىش قىلغانلىقىدىن ئىنتايىن بىئارام بوپتۇ. بوۋاي ئوغۇللىرىغا تەنبىھ بېرىپ قىرنى ئېگىزرەك چاپتۇرماقچى بولۇپتۇ ـ يۇ، لېكىن: «مېنىڭ دېگىنىمدىن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ساۋاق ئالغىنى تۈزۈك، نېمىلا بولسا

بولسۇن، ئۇلار ئۆزلىرى ئىشىنىڭ ئىپىنى تاپسۇن» دېگەن ئويغا كەپتۇ ـ دە، خاتىرجەم هالدا ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئىتىزغا سۇ ئىچىش نۆۋىتى قىر ئاتلاپ بوۋاينىڭ ئوغۇللىرىغا كېلىپ قاپتۇ. باللار ئىتىزغا سۇ ئىچىپتۇ، ئەمما سۇ بىردەمدىلا ئىتىزغا لىق تولۇپ، ئۇدۇل كەلگەن يەردىن قىر بۇزۇپ گۇلدۇرلەپ تاشقىنلى تۇرۇپتۇ.

باللار يار ئېلىپ كەتكەن قىرنىڭ هېلى ئۇ يېرىنى ئەتسە، هېلى بۇ يېرىنى ئېتىپتۇ. بىردەم ئۇياققا يۈگۈرسە، بىردەم بۇ ياققا يۈگۈرۈپتۇ. ئاخىر هېچقانداق ئامال قىلالماي سۇنى ئېقىشىغا قويۇپ بېرىپتۇ. ئۇلار سۇنىڭ قىممەتلىك ئىـــكەنلىكىنى ئويلاپ يەتكەندە يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، ئەمما بولغۇلۇق بولۇپ بوپتۇ. كەچقۇرۇنلۇقى باللار باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ، كۆز ياشلىرىنى ئېقىتىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەپتىنى كۆرگەن بوۋاي:

— بالـــلىرىم، سىلەرنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىپ، قـــانچىلىك ئازابلىنىپ، قانچىلىك قىينالغىنىڭلارنى بىلىپ تـــۇردۇم. بولـــدى يىغلىماڭـــلار، ساۋاق دېـــگەن شۇنـــداق بولىدۇ، — دەپتۇ.

ئـوغـۇلـــلار دادىـــسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئـۆزلـــرىـــنىڭ هەقىقەتەن ياخشى قىلمىغانلىقىدىن تېخىمۇ ئـەپـــسـۇسـلـــىنـــىپـــتـۇ. ئـوغـۇلـــلىرىنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ بۇزۇلۇۋاتقانلىقىنى بىلگەنبوۋاي:

— ئوغۇللىـــرىم، يىـــغلاپ تـــۇرۇپ قـــىر ئەتـكۈلۈك، ئويناپ ـ كۈلۈپ سۇ ئاچقۇلۇق، — دەپتۇ.

بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ بۇ ئىشى ئەل ئىچىگە هېكايەت بولۇپ تارالپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «يىغلاپ تۇرۇپ قىر چاپ، ئويناپ - كۈلۈپ سۇ ئاچ» دېگەن ماقال ئاشۇ كەچمىشتىن بىزگە قالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:

**نەسرۇللا ئابلەت**

# بارماقلاپ خەقنى قاقتى ـ سوقتى قىلمىساڭ، ئىدىشلاپ ياغنى دەرياغا تۆكمەيسەن

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى بىر شەھەر بولغانىكەن. بۇ شەھەردە چىراغ يېغى سېتىش بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ بېيىپ كەتكەن بىر باي ئۆتكەنىكەن. باي تېخىمۇ بېيىش، سودىدا كۆپرەك نەپكە ئېرىشىش ئۈچۈن بىر كۈندە نەچچە تۈرلۈك ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ئويلاپ تاپىدىكەن. كىشىلەر ئۇنىڭ بىر ھىيلىسىنى بىلىپ بولغۇچە يەنە بىر ھىيلىنى ئويلاپ چىقىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە باي مەدىكارىغا:

— ئىلگىرى كىشىلەر مېنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرىمنى بىلىپ قېلىپ گەپ ـ سۆز قىلىشقانىدى. مەن بۇ نۆۋەت كىشىلەر بىلەلمەيدىغان ئامالنى ئويلاپ تاپتىم. سەن، بۇنىڭدىن كېيىن ياغ بەرگەن چاغدا باش بارمىقىڭنى كەمچەنگە چىلاپ تۇر، شۇنىڭدا ياغ خېلىلا كەم بېرىلىدۇ، — دەپ ئۆگىتىپتۇ.

مەدىكار باينىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ:

— باي ئاكا، ھېلىمۇ بىردىن ئىككى پايدا ئېلىپ سېتىۋاتىدىلا، بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي يەنە شۇنداق قىلسىلا ئەل رىزقىغا ئولتۇرغانلىق بولىدۇ، بۇنداق ئۇسۇل بىلەن تېپىلغان بايلىقنىڭ بەرىكىتىمۇ بولمايدۇ، باش بارماقنى ياغقا

تىقىپ قانچىلىك پايدا تاپارلا، خەق كۆرسىمۇ سەت ئەمەسمۇ؟ كېيىنلىكلىرىنىمۇ ئويلاپ قويسىلا، — دەپتۇ.

باينىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— ئەي ئەقىلسىز، بۇ سودىگەرچىلىكنىڭ سىرى، سودىگەرلەر ئازغىنە نەرسىنىڭمۇ بەھرىدىن كەچمەسلىك بىلەن باي بولىدۇ، شۇڭا دانالار: «تاما - تاما كۆل بولار» دېگەن ئەمەسمۇ؟ سەن شۇنى بىلمىگەچكە مەدىكار بولۇپ يۈرىسەن، — دەپتۇ.

ئاقكۆڭۈل مەدىكار بايغا جاۋابەن:

— غوجام، دانالار يەنە: «هارام بايلىق ۋاپا قىلمايدۇ، ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە توزغاقتەك توزۇپ كېتىدۇ» دېگەن، بۇنى يادىلىرىدا ئوبدان تۇتسىلا ياخشى بولاتتى، — دەپتۇ.

باي مەدىكارنىڭ ئېيتقانلىرىغا پەرۋا قىلماي، ئۆزىنىڭ دېگىنى، بىلگىنى بويىچە ئىش قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. مەدىكار ئىلاجسىز باينىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە سودا قىلىشقا باشلاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ياغچى باي باشقا بىر شەھەردە چىراغ يېغىنىڭ ناھايىتى قىممەت ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، شۇ شەھەرگە كېمە ئارقىلىق ياغ يۆتكىمەكچى بوپتۇ. ئۇ ھەممە دەسمايىسىنى سەرپ قىلىپ مىڭدىن ئوشۇق كۈپقا ياغ قاچىلاپ كېمىگە بېسىپ، سەپەرگە چىقىپتۇ. كۈتۈلمىگەندە دەريانىڭ تەڭ ئوتتۇرىغا بارغاندا دەريادا بوران چىقىپ كېتىپتۇ.

كېمىچىلەر ھېچ ئامال - چارە قىلالماي بايغا:

— ئەي باي غوجام، جان بولسا جاھان، ئەزىز

جانلىرىمىزنى ئامان قالسۇن دېسلە، كۆپقاقاچىلانغان ياغنى تۆكۈپ كېمىنى يەڭگىللىتەيلى، بولمىسا ھەممىمىز ھالاك بولىمىز، — دەپتۇ.

جېنىدىن ئايرىلىشنى خالىمىغان باي قورققىنىدىن ھەممە يېغنى تۆكۈشكە مەجبۇر بوپتۇ، لېكىن زىيانغا چىدىماي زار - زار يىغلاپ ياش تۆكۈپتۇ.

ساپ دىل مەدىكار باينىڭ ھالىغا ئىچىنىپ:

— باي غوجام، بارماقلاپ خەقنى قاقتى - سوقتى قىلمىغان بولسىلا، ئىدىشلاردىكى ياغنى تۆكمىگەن بولاتتىڭىز، — دەپتۇ.

بىر ھازادىن كېيىن بوران توختاپ ئۇلار ئامان - ئېسەن قىرغاققا چىقىۋاپتۇ. بۇ ئىش ئەل ئىچىگە ھېكايە بولۇپ تارقاپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «بارماقلاپ خەقنى قاقتى - سوقتى قىلمىساڭ، ئىدىشلاپ ياغنى دەرياغا تۆكمەيسەن» دېگەن تەمسىل ئاشۇ باينىڭ كەچمىشىدىن قالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
تۇرپان شەھىرى چاتقال يېزىسىدىن

**ئارىپ نەمەت**

# ھەدەڭدە قالدىڭ غوۋغادا قالدىڭ، ئاكاڭدا قالدىڭ ئېغىلدا قالدىڭ

بۇرۇنقى زاماندا بىر يۇرت بولغانىكەن. ئاشۇ يۇرتنىڭ پادىشاھى ھەر ئاخشىمى پۇقراچە كىيىنىپ يۇرتنىڭ كوچا - مەھەللىلىرىنى ئايلىنىپ، ئەلنىڭ ھال - دەردىنى بىلىپ، دەردمەنلەرنىڭ دەردىگە يېتىپ يۇرت سورايدىكەن. پادىشاھ ئادىتى بويىچە قارا قىش كۈنلىرىنىڭ بىر كېچىسى كونا جەندىسىنى كىيىپ، بىر مەھەللىگە بېرىپتۇ. پادىشاھ مەھەللىنى ئارىلاپ كېتىۋاتقاندا، ئىككى ئادەمنىڭ پاراڭلىشىۋاتقان ئاۋازى قۇلىقىغا كىرىپ قاپتۇ. پادىشاھ ئۇلارغا يېقىنلاپ قارىغۇدەك بولسا، بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان ئىككى يىگىت يېڭىلا نان سويۇلغان، تونۇرغا پۇتلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ ھال - مۇڭ قىلىشىۋاتقانىكەن. پادىشاھ ئۇلارغا سالام بېرىپ ئارىغا قىسىلىپ ئولتۇرۇپتۇ ۋە:

— سىلەر شۇنچە كەچتە، شۇنچە سوغۇقتا بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسىلەر، ئۆيۈڭلار يوقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇلارمۇ بۇ ناتونۇش ئادەمگە قاراپ:

— ئۆزۈڭ كىم، بۇ كېچىدە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن بىر مۇساپىر، ئۆتۈپ كېتىۋاتسام سىلەرنىڭ

گېپىڭلار قولىقىمغا كىرىپ قالدى. سىلەرنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىڭلارنى ئاڭلاپ باقاي دەپ كەلدىم.
ئاكىسىنىڭ قولىغا قېلىپ ئۆزىنىڭ دەردىنى ئاڭلىغۇدەك ئادەم تاپالماي يۈرگەن ساۋۇر:
— ھەي بۇرادەر، سەن سورىما، مەن ئېيتماي، مەن ئېيتقان بىلەن مېنىڭ دەردىمگە يېتىدىغان ئادەم يوق، — دەپتۇ.
ھەدىسى بىلەن قالغان موسلەيمۇ دوستىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ:
— سەن بىزنىڭ دەردىمىزگە يېتەلمىگەندىكىن، دەردىمىزنى ئاڭلاپ دىلىمىزنى زېدە قىلمىغىنىڭ ياخشى، — دەپتۇ:
— ھەي ئۇكىلىرىم، دەرد دېگەننى مۇساپىردىن سوراڭلار، — دەپتۇ پادىشاھ، — مېنىڭ دەردىمگە سىلەرنىڭ دەردىڭلار ياماقمۇ بولالمايدۇ، شۇ دەردتىن مەن مۇشۇنداق مۇساپىر بولۇپ يۈرۈپتىمەن. قېنى ئېيتىپ باقمامسىلەر، سىلەرنىڭ دەردىڭلارنى مەن ئاڭلاي، مېنىڭ دەردىمنى سىلەر ئاڭلاڭلار، دەردىمىزنى ئۆزئارا ئاڭلىساق ھېچ بولمىسا ئۆزىمىزگە تەسەللى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس.
ئىككى ياش دەردمەن بۇ گەپنى ئورۇنلۇق بىلىشىپتۇ. ساۋۇر ئېغىر خۇرسىنىپ تۇرۇپ گەپ باشلاپتۇ:
— گەپ قىلسام گەپ تولا، گەپ قىلمىسام دەرد، مەن يەتتە ياشقا كىرگەندە ئاتا ـ ئانامدىن ئايرىلىپ، يېتىم بولۇپ ئاكامنىڭ ئالدىدا قالدىم. شۇنىڭدىن تارتىپ ئاكامنىڭ قويلىرىنى بېقىپ كەلدىم، لېكىن ئۆز ئەجرىمگە لايىق خوۋلۇق كۆرمىگەننىڭ ئۈستىگە كۈندە يەڭگەمنىڭ ئورۇنسىز

تىل ـ ھاقارەتلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىمەن. كىچىكىمدە «يېتىم ئوغلاق» دەپ تىللىسا بىلمىگەنىكەنمەن. چوڭ بولۇپ ئەقلىمگە كېلىپ، بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى بىلىپ يەڭگەمگە تۇنجى نۆۋەت گەپ قايتۇرغىنىمدا يەڭگەمدىن يەتكۈچە تاياق يېدىم. ھالىمنى ئاكامغا ئېيتسام، ئاكام ئارىغا كىرگەنىدى، يەڭگەم ئاكامنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ: «يا مەندە تۇر، يا بۇ يېتىم ئوغلاق ئۇكاڭدا تۇر» دەپ جاھاننى بېشىغا كىيىپ ئۇرۇش ـ جېدەل قىلدى. ئاكام بىر ئاز قاتتىق گەپ قىلغانىدى، يەڭگەم بەش بالىنى تاشلاپ كەتتى. ئاكام بىر مەزگىل بەش بالىنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاكام يەڭگەمنىڭ بەش بالىنى تاشلاپ كېتىشىدىن قورقۇپ مېنىڭ ھالىمغا يېتىشكە، مەن توغرۇلۇق يەڭگەمگە ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشقا پېتىنالمايدىغان بولۇپ قالدى. كىچىكىمدىن ئاچ ـ توق يۈرۈش، نەدە كەچ بولسا شۇ يەردە يېتىپ ـ قوپۇش ماڭا ئادەت ئىدى. ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتىدىغان بولۇپ قالغاندىن كېيىنمۇ يەڭگەم مېنى ئۆيدە ياتقىلى قويمايدىغان بولدى. ئاكام بۇ ئىشقا ئارىلاشسا يەڭگەم: «كېچىدە نەدە ياتسا ئوخشاش ئۇخلايدىغان گەپ، ئۇ يېتىم ئوغلاق ئېغىلغا كىرىپ ئۇخلىسۇن، ئۇنىڭغا ئۇنىمىساڭ ئۇكاڭنىڭ ئورنىدا سەن ئېغىلدا يات، ئۇكاڭ ئۆيدە ياتسۇن» دەپ تەتۈرلۈك قىلدى. ئاكام بۇ ئىشقىمۇ ئارا تۇرالمىغاچقا، مەن ئېغىلدا ئۆزۈم باققان قويلار بىلەن بىرگە يېتىپ ـ قوپۇپ يۈردۈم. ھەي، گەپ قىلسام گەپ تولا، ئاكامنىڭ ئالدىدا قېلىپ، ئېغىلدا قالدىم...

ساۋۇرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان موسلەيمۇ ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ ئۆز دەردىنى سۆزلەپتۇ:

— ھەي ئاغىنە، سېنىڭ دەردىڭ مېنىڭ دەردىمگە ئوخشاش ئىكەن. مەنمۇ ئاتا ـ ئانامدىن كىچىك يېتىم قېلىپ ئاچام بىلەن قالدىم. ئاچام ياتلىق بولغاندىن كېيىن ئاتا ـ ئانام ئولتۇرغان ئۆينىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەيمەن دەپ، ئاتا ـ ئانام ئولتۇرغان ئۆيدە قالدىم. ئۆزۈم كىچىك بولغاچقا ھېچقانداق ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدىم، كېيىن ئاچامنىڭ ئالدىغا كەلدىم. ئاچام ئاتا ـ ئانامدىن قالغان ئۆي ـ ماكاننى بولۇشىغا سېتىپ يېنىنى چىگدىۋالدى. مەن ئىشقا يارىغۇدەك بولغاندىن كېيىن، ئاچامنىڭ باغ ـ ۋارانىدىكى ئېغىر ـ يېنىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ زىممەمگە يۈكلەندى، قېيناكام يېتىپ يەيدىغان بولدى. شۇنداقتىمۇ قېيناكام مېنىڭ ئىشلىرىمدىن پۇتاق تېپىپ مېنى دۆشكەللەيتتى، بۇنى ئاز دېگەندەك ئاچام ماڭا ھەر نۆۋەت تاماق بەرسە، سەن قولۇڭدىن ھېچ ئىش كەلمەي تورۇپ تاماقنى كۆپ يەيسەن، دەپ ماڭا تاپا ـ تەنە قىلاتتى. ئاچام بۇنىڭغا چىدىماي قېيناكام بىلەن جېدەللەشسە، قېيناكام ئاچامنى ئۆلگۈدەك دۇمبالايتتى. ئۆيدە ئەنە شۇنداق جېدەللەر قوزۇمىدى، قېيناكام خۇيىنى ئۆزگەرتمىدى. مەن ئاچامنىڭ ئالدىدا قېلىپ غوۋغادا قالدىم...

پادىشاھ ئۇلارنىڭ دەردلىرىنى ئاڭلاپ، ئاكىسى بىلەن ئاچىسىنىڭ ئىسمىنى سورىۋالغاندىن كېيىن:

— ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپتۇ، مەنمۇ ياتىدىغان يەرنىڭ غېمىنى قىلمىسام كىرىدىغان ماكانىم يوق، ئەتە ئاخشام مۇشۇ تونۇر بېشىدا كۆرۈشەيلى، مەن سىلەرگە ئۆز دەردىمنى ئېيتىپ بېرىمەن، — دەپ كېتىپ قاپتۇ.

پادىشاھ ئەتىسى ياساۋۇللىرىنى ئەۋەتىپ، ساۋۇر بىلەن

موسلەيىنىڭ ئاكا - ئاچىلىرىنى ئوردىغا ئەكەلدۈرۈپتۇ، جاكارچىغا جاكارلىتىپ پۈتۈن يۇرت خەلقىنى ئوردا مەيدانىغا يىغدۇرۇپتۇ. پادىشاھ ساۋۇر بىلەن موسلەيگە ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، ئۇلارنى كەچۈرمىشلىرىنى خەلقئالەم ئالدىدا سۆزلەشكە بۇيرۇپتۇ. لېكىن ئۇلار پادىشاھتىن تەپ تارتىپ سۆزلەشكە ئۇنىماپتۇ. پادىشاھ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ، ئاڭلىغانلىرىنى خەلقئالەمگە سۆزلەپ، ساۋۇرنىڭ يەڭگىسىدىن:

— سىنىڭ يولدىشىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ، يولدىشىڭنىڭ ئىنىسىنى ئېغىلدا يېتىشقا مەجبۇرلىغىنىڭ راستمۇ؟ ئەگەر ئۇ سىنىڭ قېرىندىشىڭ بولغان بولسا قانداق قىلاتتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇ زار - زار يىغلاپ، گۇناھىنى تىلەپ:

— ئەي كېرەملىك شاھىم، مەن خاتا قىپتىمەن، گۇناھىمنى يۇيۇشقا پۇرسەت بەرسىلە، — دەپتۇ.

پادىشاھ يەنە موسلەيىنىڭ ئاچىسىنىڭ يولدىشىدىن:

— سىنىڭ قىلغانلىرىڭ راستمۇ، ئەگەر سىنىڭ قېرىندىشىڭغا باشقا بىرى سەن قىلغاندەك مۇئامىلە قىلسا سەن قانداق قىلاتتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇمۇ ئۆز گۇناھىنى تىلەپ پادىشاھنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپتۇ.

پادىشاھ خالايىققا قاراپ:

— مەن يۇرت ئاتىسى تۇرۇپ يېتىملارغا ياخشى باشپاناھ بولالمىغانلىقىم ئۈچۈن بۇلارنىڭ بىرى ئېغىلدا، بىرى غوۋغادا قاپتۇ. يەنە بىز بىلمىگەن باشقا يېتىملەر نىمە كۈن كۆرۈۋاتقانلىقىنى ئۆزلىرى بىلىدۇ. بۇلارنى شۇ كۈنگە

قـويـغانلىقىم ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ، ئاكا - ئاچىلىرىنىڭ گۇناھىدىن كېچەي، شۇ ئىش يادىڭلاردا بولسۇنكى، يېتىم - يېسىرلارغا خەير - ساخاۋەت قىلىڭلار، ئۇلارنى يۆلەڭلار. بۇنىڭدىن كېيىن كىمدە كىم يېتىم - يېسىرلارنى خارلايدىكەن، كاللىسىنى ئالىمەن، — دەپ جاكارلاپتۇ.

پادىشاھنىڭ ھىممىتى بىلەن پۈتۈن يۇرتتىكى يېتىم - يېسىرلار ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشىپتۇ ھەم بۇ ئىش خەلقىئالەمگە ئىبرەت بولۇپ تارقىلىپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «ھەدەڭدە قالدىڭ غوۋغادا قالدىڭ، ئاكاڭدا قالدىڭ ئېغىلدا قالدىڭ» دېگەن ماقال شۇ كەچمىشتىن قالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
تۇرپان ۋىلايەتلىك مىللەت دىن ئىشلىرى كومىتېتىدىن
**زۇنۇن ئىسمايىل**

# تۆگىنىڭ خۇيىنى مەتە بىلەر

بۇرۇنقى زاماندا بىر شەھەردە ھۇنەرۋەن، كاسىپلاردىن باج يىغىشقا مەسئۇل چاۋار ئىسىملىك بىر باج بېگى ئۆتكەنىكەن. چاۋار بەگ تولىمۇ قاتتىق قول، دوپپىسىنى ئال دېسە، بېشىنى ئەكېلىدىغان باجگىر بولغاچقا، شۇ شەھەردە ئۇنىڭدىن كۆڭلى ئاغرىمىغان كاسىپ، ھۇنەرۋەن قالمىغانىكەن.

ئۇنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان خەلق پادىشاھقا ئەرز قىلغاندىن كېيىن، پادىشاھ ئۇنى يىراق يېزىغا يۆتكىۋېتىپتۇ. چاۋار بەگ ئۇ يەردىمۇ ئۆز ئادىتى بويىچە كىشىلەرنىڭ قوي - قوزا، توخۇ - توشقانلىرىغىچە باج ئېلىشقا كىرىشىپتۇ. بۇ يەردە ھېلىم ساقى ئىسىملىك بىر بوۋاي بار ئىكەن. بۇ كىشىنى شۇ يەردىكى ھەممە ئادەم ھۆرمەتلەيدىكەن. ھېلىم بوۋاينىڭ بىر ئېشىكى بىلەن بىر تۆگىسى بولۇپ، ئاشۇ ئۇلاغلىرى ئارقىلىق قولۇم - قوشنىلىرىغا ياردەملىشىپ كۈن ئۆتكۈزىدىكەن.

بىر كۈنى ھېلىم بوۋاي قوشنىلىرىنىڭ بۇغدايلىرىنى تۆگىسىگە ئارتىپ تۈگمەنگە كېتىۋاتقاندا، قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقان چاۋار بەگكە يولۇقۇپ قاپتۇ. ھېلىم بوۋاي چاۋار بەگكە سالام قىپتۇ. چاۋار بەگ ھېلىم بوۋاينىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭدىن:

— تۆگىنىڭ باج پۇلىنى تەييارلىدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— خوش تەقسىر، تۆگمەنگە ماڭدىم، — دەپتۇ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىم بوۋاي.
— سېنىڭ نەگە بېرىشىڭ بىلەن كارىم يوق، تۆگىنىڭ بېجىنى دەۋاتىمەن.
— خوش بېگىم، قوشنا - قولۇملارنىڭ يېمەكلىكى ئىدى.
— ھوي گالۋاڭ، تۆگىنىڭ باج پۇلى قېنى دەۋاتىمەن؟
— بېگىم، تۆگە ئۆزۈمنىڭ، ئۇ ئوتتۇز يىل ئىلگىرى يېتىم تايلاق ئىدى.
— ھوي ئالجىما، نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىسەن؟ تېخى ئوتتۇز يىللىق باج ...، — بەگ غەزەپتىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي قاپتۇ - دە، ئاچچىقىغا چىدىماي ھېلىم بوۋاي بىلەن تۆگىنى ئايرىم - ئايرىم سولاپ قويۇپ ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ.
چاۋار بەگ ئوردىغا كېلىپ پادىشاھقا: «ئوتتۇز يىللىق چوڭ باج ئوغرىسىنى تۇتتۇم» دەپ ھېلىم بوۋاي ئۇستىدىن شىكايەت قىپتۇ. پادىشاھ ماجىرانىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرمەيلا ئوردا قازىسى بىلەن مىرغەزەپ بېگىنى جازا ئىجرا قىلىشقا يولغا سېلىپتۇ. ئۇلار يېزىغا كەلگەندىن كېيىن، خەلقئالەمنى يىغىپ ھېلىم بوۋاينى نەق جازا مەيدانىغا كەلتۈرۈپتۇ. قائىدە بويىچە ئوردا قازىسى ئوردىنىڭ ھۆكۈم يارلىقىنى ئوقۇپتۇ. ئاخىر مىرغەزەپ بېگى ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىشتىن ئىلگىرى ھېلىم بوۋايدىن:
— ھۆكۈمگە پىكرىڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ھېلىم

بوۋاي:

— ھۆرمەتلىك ئادىل قازى، مۆھتەرەم مىرغەزەپ بېگىم، ئۇلۇغ پادىشاھنىڭ ئادىل، دانا ھۆكۈمىگە مەن مىڭ مەرتىۋە رازى، ئەمما ئالىيلىرىغا بىر ئىلتىماسىم بار، — دەپتۇ.

— قېنى سۆزلە، — دەپتۇ قازى.

— ئالىيلىرى رۇخسەت قىلسىلا، تەڭ سولانغان تىلسىز جانىۋار تۆگەم بىلەن رازىلىق ئېلىشىۋالسام.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان چاۋار بەگ ئاچچىقىدا:

— يالغان، يالغان ئېيتىۋاتىدۇ، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

قازى بىلەن مىرغەزەپ بېگى بولسا ئاۋۋال ئىككىلىنىپ، كېيىن رۇخسەت قىپتۇ.

سولانغان كۈندىن باشلاپ سۇسىز، يەمسىز قالغان تۆگە ئاچلىقتا كالپۇكلىرىنى سوزۇپ يەردە شۇنايلىنىپ ياتقانىكەن. ھېلىم بوۋاي تۆگىسىنى قۇچاقلىغىنىچە:

— ئەي خۇدانىڭ جانىۋىرى، بۈگۈن مەندىن رازى بول، مېنى دەپ ئېغىر يۈكلەر بىلەن چۆل - باياۋانلارنى كېزىپ، ئاچ - توق قېلىپ كۆپلىگەن جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتتىڭ. تىلسىز بولساڭمۇ بۇ قېتىم مەن بىلەن بىللە سولاقتا ياتتىڭ، — دەپ يىغلاپتۇ ۋە تۆگىنىڭ ئاچ بېقىنلىرىنى قاتتىق مۇجۇپتۇ. ئاچ قورساق تۆگىنىڭ مىدىرلاشقا ھالى قالمىغان بولسىمۇ، بېقىنىنىڭ ئاغرىقى دەستىدىن بوش ئىڭراپ، بېشىنى سىلكىپ، پۇتلىرىنى مىدىرلىتىپتۇ. ھېلىم بوۋاي بولسا:

— يالغۇز يوللاردا ھەمراھىم ئىدىڭ، رازى بول! — دېگىنىچە ئۆز يىغىسىنى يىغلاۋېرىپتۇ. ئىشىكتە قاراپ

تۇرغان بەگلەر:
— ئەمدى بولدى قىل! —دەپ ۋارقىراپتۇ. بۇ چاغدا
ھېلىم بوۋاي:
— خوش بەگلىرىم، تۆگەم ئەمدى سۆزلەشكە
باشلىدى، — دەپتۇ.
قازى بىلەن مىرغەزەپ بېگى ئەجەبلىنىپ، تۆگىنىڭ
نېمە دەۋاتقانلىقىنى سوراپتۇ.
— تۆگەم ئۇسساپ كەتتىم دەيدۇ، — دەپتۇ بوۋاي.
قازى بىلەن مىرغەزەپ بېگى تۆگىگە دەرھال سۇ بېرىشنى
بۇيرۇپتۇ. چاققاپ كەتكەن تۆگە ئېلىپ كېلىنگەن ئىككى
چېلەك سۇنى بىر سۇمۇرۇپلا تۈگىتىپتۇ. بوۋاي ۋىدالىششىنى
يەنىلا داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئەمدى تۆگىنىڭ كۆزىدە ياش پەيدا
بولۇپ، ئاۋازى يوغىناپتۇ، بايىقىدىن خېلىلا جانلىنىپتۇ.
بۇنى كۆرگەن بەگلەر بوۋايدىن تۆگىنىڭ نېمىشقا
يىغلاۋاتقانلىقىنى سوراپتۇ. بوۋاي:
— تۆگەم سۇغا قانمىدىم دەۋاتىدۇ، يەنە تېخى پادىشاھ
دانا ئىكەن، ھۆكۈمى بەك ئادىل بوپتۇ دەيدۇ، — دەپتۇ.
دەل شۇ چاغدا ئاچ قورساققا سۇنى جىق ئىچىۋالغان تۆگە
بىر پۇرقۇغانىكەن، بەگلەرنىڭ پۈتۈن ئۈستۈبېشىنى رەسۋا
قىلىۋېتىپتۇ. بۇ چاغدا ھېلىم بوۋاي:
— تۆگەمنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ قالدى، ئەمدى ھەممىمىز
ئېھتىيات قىلايلى! — دەپتۇ.
قازى بىلەن مىرغەزەپ بېگى قېچىپ بېرىپ بولغان
ئىشلارنى پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ.
بولغان ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان پادىشاھ چاۋارنى

ئەيىبلەپ، ئۇنى ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. شۇ قېتىمقى غوۋغادىن كېيىن ئەل ئىچىدە: «تۆگىنىڭ خۇيىنى مەتە بىلەر» دېگەن ماقال تارقالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
پىچان ناھىيە چىقتىم بازىرى توغان كارىزدىن
**ھوشۇر ھەمدۇل**

# ئادەمنىڭ يۈزىگە قارىما، سۆزىگە قارا

بۇرۇنقى زاماندا بىر پاراسەتلىك كەمبەغەل كىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇ ھەمىشە ئۆز ئەقىل ـ پاراستى بىلەن ئىش قىلىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ كەمبەغەل كىشى ئېتىغا مىنىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. كۈن قايرىلغاندا ئۇ بىر بۇلاق بېشىغا كېلىپ توختاپتۇ ۋە ئېتىنى بىر دەرەخكە باغلاپ قويۇپ، كەچلىك غىزاغا ئولتۇرۇپتۇ. ئانچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي بىر بايمۇ مۇشۇ يەرگە كېلىپ توختاپ، ھېلىقى دەرەخكە ئېتىنى باغلىماقچى بوپتۇ. كەمبەغەل كىشى ئۆز ئېتىنىڭ خۇي ـ پەيلىنى بىلگەچكە ئالىمادىس بىرەر ئىش يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەپ بايغا:

— ئاتلىرىنى بۇ دەرەخكە باغلىمىسىلا، مېنىڭ ئېتىم ياۋايىراق، ئاتلىرىنى چىشلەپ ئۆلتۈرۈپ قويمىسۇن، ئۇنى باشقا بىر دەرەخكە باغلىسىلا! — دەپتۇ.

— ئېتىمنى قەيەرگە باغلاشنى خالىسام شۇ يەرگە باغلايـ

مەن! — دەپ جاۋاب قايتۇرۇپتۇ باي ۋە ئېتىنى شۇ دەرەخكە باغلاپ قويۇپ، غىزالىنىشقا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار ئاتلارنىڭ كىشنىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئاتلىرىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپتۇ. بىراق كېچىككەنىكەن، باينىڭ ئېتى ئۆلۈپ قاپتۇ. باي:

— سېنىڭ ئېتىڭ نېمە قىپتۇ، كۆردۈڭمۇ؟ سەن ئەمدى ئېتىمنىڭ خۇنىنى تۆلەيسەن! — دەپ ۋارقىراپ كەمبەغەلنى قازىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

قازى باينىڭ ئەرزىنى ئاڭلاپ كەمبەغەلدىن:

— ئېتىڭنىڭ ئۇنىڭ ئېتىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقى راستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. كەمبەغەل جاۋاب بەرمەپتۇ. قازى يەنە نۇرغۇن سوئاللارنى سوراپتۇ. كەمبەغەل لام - جىم دېمەستىن تۇرىۋېرىپتۇ. ئاخىر قازى بايغا:

— بۇ گاچا ئادەمكەن، ئۇ سۆزلىيەلمىسە، مېنىڭ نېمە ئامالىم بولسۇن، — دەپتۇ.

— تەقسىر، ئۇنداق ئەمەس، ئۇ سۆزلىيەلەيدۇ، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇ گەپ قىلغان، — دەپتۇ باي.

— راست شۇنداقمۇ؟ ئۇ ساڭا نېمە دېگەنىدى؟ — دەپ سوراپتۇ قازى بايدىن.

— ئۇ ماڭا ئېتىمنى ئۇ ئېتىنى باغلىغان دەرەخكە باغلىماسلىقنى، ئېتى ياۋايى بولغاچقا، مېنىڭ ئېتىمنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتقانىدى، — دەپتۇ باي.

— ئوھوي، گېپىڭدىن چاتاقنىڭ ئۆزۈڭدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. ئۇ سېنى ئالدىنئالا ئاگاھلاندۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئېتىڭنى تۆلەپ بەرمەيدۇ، — دەپتۇ قازى ۋە كەمبەغەلدىن سوراپتۇ:

— نېمە ئۈچۈن مەن سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بەرمەيسەن؟

كەمبەغەل:

— سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمىگەنلىكىمنىڭ سەۋەبى، مەن تەقسىرنى كەمبەغەلنىڭ سۆزىگە باينىڭ سۆزىگە ئىشەنگەندەك

ئىشەنمەيدۇ، دەپ ئاڭلىغان. شۇڭا مەن سۆزلىسەممۇ بىكار، سۆز قىلىشىم هاجەتسىز، دەپ قاراپ هېچنەرسە دېمىگەنىدىم، كىمنىڭ هەق، كىمنىڭ ناهەق ئىكەنلىكىنى ئەمدى چۈشەنگەنلا، — دەپتۇ.

قازى كەمبەغەلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ ئىلگىرى نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ بايلارغا يۈز - خاتىر قىلىپ، كەمبەغەللەرنىڭ سۆزىگە ئېتىبارسىز قارىغانلىقىدىن ئەل ئىچىدە سېسىق نام ئالغانلىقىنى بىلىپتۇ ۋە پۇشايمان قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قازى ئادىللىق يولىنى تۇتۇپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئادىل ئىش قىلىپ ئۆتۈپتۇ. بۇ ئىش ئەل ئىچىگە تاراپ ئىبرەت بولۇپتۇ.

ئېيىتىشلارغا قارىغاندا: «ئادەمنىڭ يۈزىگە قارىما، سۆزىگە قارا» دېگەن ماقال ئاشۇ كەچمىشتىن قېلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن.

# چاچ سالغان بىلەن خوتۇن ئەمەس، بەل باغلىغان بىلەن ئەر ئەمەس

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى، بىزدىن يىراق ماكاندا بىر يۇرت بولغانىكەن، ئاشۇ يۇرتتا ئېرىدىن چىچەك چوكان قالغان زىۋىدىخان ئىسىملىك بىر ئايال ئۆتكەنىكەن. زىۋىدىخان يالغۇز قىزىنى ئۆزى يېمەي يېگۈزۈپ، كىيمەي كىيگۈزۈپ قاتارغا قوشۇپ ئەرگە بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن زىۋىدىخانغا قېرىلىق يېتىپ يالغۇزلۇقى تېخىمۇ بىلىنىپتۇ. زىۋىدىخان ئۆيدە قالىغۇدەك ئوتۇن قالماي ئوتۇن غېمىدە يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شوينا بەل كۆيئوغلى سالامنىڭ چوڭنى قىلىپ كىرىپ كەپتۇ. زىۋىدىخان ئۇزاقتىن ئۇزاق هال - ئەهۋال سورىغاندىن كېيىن:

— ئوغلۇم، ئېغىر ئالمىسىلا، مۇشۇ جىگدىنىڭ كۆتىكىنى يېرىپ بەرگەن بولسىلا بوپتىكەن، ئۆيدە چىش كولىغۇدەك بىرەر تال ئوتۇننىڭ ئۇۋۇقىمۇ قالمىدى، — دەپتۇ.

— پالتىلىرى بارمۇ؟ — دەپتۇ كۆيئوغلى.

— مانا هازىرلا تېپىپ بېرەي، — زىۋىدىخان شۇنداق دەپلا قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈپتۇ.

كۆيئوغلى پالتىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن كۆتەكنىڭ بىردەم ئۇ تەرىپىگە، بىردەم بۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ، بەزىدە

كۆچەپ، بەزىدە بوشاپ دېگۈدەك ھەپىلىشىپ بېقىپتۇ - يۇ، بىرەر تال تارشىمۇ چىقىرالماپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ پالاكەتلىكىدىن قېينانىسىنىڭ ئالدىدا نومۇس قىلىپ پېشانىسىدىن سوغۇق تەر چىققىلى باشلاپتۇ.

— ئوھۇش ئوغلۇم، بۇياققا تۇرسىلا! — دەپتۇ زىۋىدىخان كۈيئوغلىنىڭ قولىدىن پالتىنى تارتىپ، — كۆتەك دېگەننىچۇ مانا مۇنداق يارىدىغان!

كۈيئوغلىنىڭ بوشاڭلىقىدىن خۇرسىنغان زىۋىدىخان بىردىنلا كۈچ - غەيرەتكە تولۇپتۇ. ئۇ كۆتەكنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئوبدان قارىۋالغاندىن كېيىن، پالتىنى پەم بىلەن ئۇرۇپ، جىگدە كۆتىكىنى پارچىلاشقا باشلاپتۇ. ئىش ئۈستىگە زىۋىدىخاننىڭ قوشنىسى كىرىپ قېلىپ ھەيران بولغان ھالدا:

— ۋاي زىۋىدىخان، پۈتۈن تىرىك بىر ئەركىشى تۇرغان يەردە سىلى كۆتەك يارغىلى تۇرۇپلىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. زىۋىدىخان كۈيئوغلىغا تەربىيە بولسۇن دەپ ئىشنى يوشۇرماي ئەينەن ئېيتقانىكەن، قوشنىسى:

— سىلى چاچ سالغان بىلەن خوتۇن ئەمەس ئەر بوپلا، كۈيئوغۇللىرى بەل باغلىغان بىلەن ئەر ئەمەس خوتۇن بوپتۇ، — دەپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «چاچ سالغان بىلەن خوتۇن ئەمەس، بەل باغلىغان بىلەن ئەر ئەمەس» دېگەن ماقال زىۋىدىخان بىلەن كۈيئوغلىنىڭ ئاشۇ كەچمىشىدىن قالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:

**نەسرۇللا ئابلەت**

# ئۇستا كۆرمىگەن شاگىرت ھەر مۇقامغا يورغىلايدۇ

ئاجايىپ ــ غارايىپ قىسسە ۋە ھېكايىلەرنى سۆزلىگۈچىلەر رىۋايەت قىلىدۇكى، ئەۋلىيا سوپەت شائىر ئەلىشىر نەۋائىنىڭ غەزەل ـ بېيىتلىرى ئۆز زامانىسىدىلا پۈتكۈل ئەھلى ئىقلىمغا مەشھۇر ئىكەن. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر دېھقان ئۆز ئېتىزلىقىدا قوش ھەيدەپ يۈرۈپ نەۋائىيىنىڭ غەزەللىرىنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئوقۇپتۇ. ئەمما، بۇ دېھقان بۇ غەزەللەرنى باشقىلاردىن ئاڭلىغانلىرى بويىچە رەتسىز، بەزى جايلىرىنى خاتا ھەمدە بېيىتلىرىنى ئىلگىرى ـ كېيىن قىلىپ ئۆگىنىۋالغانىكەن. دېھقان ئۆزىنىڭ بىلگىنى بويىچە پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن غەزەل ئوقۇۋاتقاندا، نەۋائى شۇ يولدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. نەۋائى بۇ دېھقانىنىڭ ئۆز غەزەللىرىنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى جەزىم قىلىپ، غەزەلگە قۇلاق ساپتۇ. نەۋائى ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ ئۆز غەزەللىرىنى بۇزۇپ، خاتا ئوقۇشىنى ياقتۇرمايدىكەن. شۇڭا شائىر: «ئەگەر غەزەللىرىمنى خاتا، غەلىتە ئوقۇدۇڭ دەپ رەنجىسەم، ئۇنىڭغا قانچىلىك تەسىر قىلار؟ ئۇنىڭدىن كۆرە باشقىلارنىڭ ئەمگىكىنى ھۆرمەت قىلماسلىقنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا سۆڭىكىدىن ئۆتكۈدەك بىر تەنبىھ بېرىپ قوياي» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە،

دېھقاننىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ئەي بەرىكەتلىك دېھقان، يەر ئاغدۇرۇپ ھارغانسىز، قوشـىـڭـىـزنـى مـەن ھەيدەي، سىز بۇلاق بويىغا بېرىپ ئۇسسۇزلۇق ئىچكەچ ئارام ئېلىۋېلىڭ، — دەپتۇ.

دېھقان بۇ ئاق كۆڭۈل يولۇچىدىن تەسىرلىنىپ ئۇنىڭغا قوشنى تۇتقۇزۇپ، تەشەككۇر ئىزھار قىپتۇ ۋە بۇلاق بويىغا بېرىپ سۇنايلىنىپ يېتىپتۇ. نەۋائى قوشنى قولىغا ئېلىپ ئۆكۈزلەرنى بىردە ئوڭغا، بىـردە سولغا ھـەيدەپ يـەرنـى ئېگىز ـ پەس ئاغدۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتـكـەنـدىـن كـېـيـىـن دېـھـقـان كـېـلـىـپ يەرنىڭ ئالا ئـاغـدۇرۇلـغـانلىقىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، نەۋائىغا ئاچچىقلاپ سۆزلەپ كېتىپتۇ:

— سەن كىم بولىسەن؟ مەن يېرىمنى ھەيدەپ بەر دەپ ساڭا ئېيتقانمىدىم؟ نەدىن كېلىپ بىر ئوبدان يۇرۇشۇۋاتقان ئىشىمنى بۇزۇشنى ئىختىيار قىلىپ قالدىڭ، ئەمدى تاپتىن چىققان يەرگە ئۆكۈزنى قانداق رۇس ماڭغۇزىمەن؟ قۇرۇسۇن سېنىڭ ياخشى كۆڭلۈڭ! يولۇڭغا ماڭ!

نەۋائى دېھقانغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ:

— شۇنـداق، سىزنـىـڭ يېرىـڭىزنى تاپتـىـن چىقىرىپ ئولڭ ـ تەتـۈر ھـەيدىـگىنىم ئۈچـۈن مەندىن رەنجىۋاتىسىز، بۇنداق قىلىشقا ئەلۋەتتە ھەقلىقسىز. لېكىن، سىزمۇ مېنىڭ غەزەللىرىمنىڭ سۆزلىرىنى ئىلگىرى ـ كېيىن، تەرتىپسىز، ھەتتا خاتا ھالدا ھېچ مۇقامدا يوق قىلىپ ئوقۇدىڭىز. شۇ ۋەجىدىن مەنمۇ سىزنىڭ يېرىڭىزنى ئولڭ ـ تەتۈر ئاغدۇرۇپ، ئېسىڭىزدىن چىقمىغۇدەك ساۋاق بېرىشنى نىيەت قىلدىم. سـىـز ئەجىر ـ ئەمگىكىڭىزنى قانچە قەدىرلىسىڭىز، مەنمۇ

ئەمگىكىمنى شۇنچە قەدىرلەيمەن، غەزەللىرىمنىڭ ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، ئاتىدىن بالىغا قېلىپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىشىنى ئويلايمەن، سىزگە ئوخشاش كۆي ـ غەزەلگە ئاشىق كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىگە ئارام ۋە خۇشاللىق بېغىشلاشنى ئۈمىد قىلىمەن. سىز غەزەللىرىمنى قالايمىقان، تەرتىپسىز، خاتا ئۆگەنسىڭىز، شۇنداق ئوقۇسىڭىز، كېيىنكىلەرمۇ شۇنداق ئۆگىنىۋالسا، بارا ـ بارا بېيىتلىرىمنىڭ رەت تەرتىپى، سۆز ـ جۈملىلىرى قالايمىقانلىشىپ ئۆزگىرىپ كەتمەمدۇ؟ ئۇستاز تۇتۇپ توغرا، تولۇق ئۆگەنمەي تۇرۇپ ئۆزىمىز بىلگەنچە ئىش قىلساق، ئۇنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى تولا بولىدۇ، شۇڭا ئۇستاز تۇتۇپ توغرىسىنى ئۆگىنىش كېرەك.

دېھقان شۇ چاغدىلا ئالدىدا تۇرغان كىشىنىڭ دەل ئۇستاز نەۋائى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا تەزىم قىپتۇ ۋە ئۇنىڭ تەنبىھ ـ نەسىھەتلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، تۆۋەنچىلىك بىلەن ئەپۇ سوراپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن نەۋائى دېھقانىنىڭ قولىدىن قوشنى ئېلىپ، ئۆزى ئۆڭ ـ تەتۈر ئاغدۇرۇۋەتكەن يەرنى قايتىدىن تاپقا چۈشۈرۈپ ھەيدەپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىملىق، گۈزەل كۆي ـ غەزەللىرىنى دېھقانغا تولۇق، توغرىسى بىلەن ئۆگىتىپ قويۇپتۇ. بۇ ئىش دېھقانىنىڭ ئېغىزى ئارقىلىق ئەل ئىچىگە تاراپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «ئۇستاز كۆرمىگەن شاگىرت ھەر مۇقامغا يورغىلار» دېگەن ھېكمەت ئاشۇ دېھقانىنىڭ كەچمىشىدىن قالغانىكەن.

# تۈلكىنىڭ تىرىسى ئۆزىگە دۈشمەن

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى، بىزدىن يىراق ماكاندا بىر يۇرت بولغانىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاشۇ يۇرتنىڭ پادىشاھىغا بىر بۆرە كۈچۈكىنىڭ تىرىسى لازىم بولۇپ قاپتۇ. پادىشاھنىڭ چاپارمەنلىرى بۇ توغرۇلۇق ئېلان چىقىرىپ كوچا- كويلارغا چاپلىۋېتىپتۇ. پۈتۈن يۇرت ئەھلى پادىشاھتىن ئىنئام ئېلىش ئۈچۈن بۆرە كۈچۈكى تۇتۇش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپلەرگە چېپىپتۇ.

بىر كۈنى، بىر تۈلكە يېگۈدەك نەرسە ئىزدەپ ئاشۇ يۇرتقا كېلىپ قاپتۇ ۋە بۆرە كۈچۈكى ھەققىدىكى ئېلاننى كۆرۈپ قاپتۇ. تۈلكە ئېلاننى ئوقۇپ، دەرھال كەينىگە ئۆرۈلۈپلا قېچىپتۇ. ئۇ شۇ قاچقىنىچە بۇ يۇرتنىڭ تەۋەلىكىدىنمۇ چىقىپ كېتىپتۇ. تۈلكىنى كۆزىتىپ تۇرغان بىر پەرىشتە، تۈلكىنىڭ ئىشىدىن ئەجەبلىنىپ، تۈلكىنىڭ يېنىغا چۈشۈپ:

— ئەي تۈلكە، سەن قېچىۋاتقىلى نەچچە كۈن بولدى، نېمىگە شۇنچە قاچىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. تۈلكە:

— مەن ئوزۇق ئىزدەپ بىر يۇرتقا بارغانىدىم، پادىشاھنىڭ بۆرە كۈچۈكى ھەققىدىكى ئېلانىنى كۆرۈپ قالدىم، مەن شۇ ۋەجىدىن قېچىۋاتىمەن، — دەپتۇ.

پەرىشتە ھەيران بولۇپ:

— ھەي تۈلكە، ئېلاندا بۆرە كۈچۈكىنىڭ تېرىسى دېگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، سەن يەنە نېمىگە شۇنچە قاچىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئېلاندا بۆرە كۈچۈكى دېيىلگىنى راست، بىراق مەن تاسادىپىي بۆرە كۈچۈكى بىلەن تۈلكىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان بىرىگە ئۇچراپ قالسام، ئۇ كىشى مېنى تۇتۇپ سويۇۋەتسە، باشقا كىشىلەر مېنىڭ تۈلكە ئىكەنلىكىمنى بىلىپ، ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ بولغۇچە ئاللىقاچان پوستۇمغا سامان تىقىلىپ بولغان بولمامدۇ! ؟ مەن ئۆز تېرەمنىڭ ئۆزۈمگە دۈشمەن بولۇپ، ئىچىگە سامان تىقىلىپ كېتىشىدىن ئىلگىرى ئۆزۈمنى چەتكە ئالاي، دەپ قېچىپ كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ تۈلكە ۋە ئۆز يولىغا كېتىپ قاپتۇ. پەرىشتە تۈلكىنىڭ كەينىدىن قاراپ قاپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «تۈلكىنىڭ تېرىسى ئۆزىگە دۈشمەن» دېگەن تەمسىل تۈلكىنىڭ ئاشۇ كەچمىشىدىن قالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
تۇرپان شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ دەم ئېلىشقا چىققان خىزمەتچىسى

**ئابدۇللا ئېلى**

# ئاچلىقتىن ئۆلسەڭمۇ ئاتا ـ ئاناڭنى تاشلىما

ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى بىر يۇرتتا، بالىلىرى ياشانغان ئاتا ـ ئانىلىرىنى ئىشقا يارىمايدۇ، بىز يەيدىغاننى بىكار يېتىپ يەپ بىزنى ئاچ قويىدۇ، دەپ يىراق تاغ ئارىسىدىكى جاڭگالغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىدىغان ئادەت بار ئىكەن.

ئاشۇ يۇرتتا بىر كىشىنىڭ ئەلتەك دېگەن بىر ئوغلى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئەلتەك ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغان دادىسىنى هارۋىغا سېلىپ، ئىنتايىن چەت بىر جاڭگالغا ئېلىپ بېرىپتۇ. لېكىن، ئەلتەك دادىسىغا بەك ئامراق بولغاچقا، دادىسىنى ئۇ يەرگە تاشلاپ كېتىشكە زادى كۆڭلى قىيماپتۇ. ئۇ ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۇ ئادەتكە ئەمەل قىلماي دېسە، يۇرتتىكىلەرنىڭ ئۆزىنى يۇرتتىن قوغلاپ چىقىرىشىدىن قورقۇپ تولىمۇ بېشى قېتىپ، بەكمۇ پەرىشان بوپتۇ. ئوغلىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرگەن دادىسى ئەلتەكتىن:

— ئەمدى سەن مېنى قانداق قىلىشنى ئويلاۋاتىدىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەلتەك كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ:

— ياق دادا، باشقىلار ئاتا ـ ئانىلىرىنى تاشلىۋەتسىمۇ

مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، مەن كىشىلەرنىڭ سۆز - چۆچەك قىلىشىدىن قېچىپ سىزنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدۇم. يېرىم كېچە بولۇپ، ئەل ئايىغى بېسىققاندا سىزنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىپ ئامبارغا يوشۇرۇپ باقىمەن، — دەپتۇ.

ئەلتەك سۆزىگە ۋاپا قىلىپ، قاراڭغۇ چۈشۈشىگىلا دادىسىنى جاڭگالدىن قايتۇرۇپ كېلىپ ئامبارغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، بىر كۈنى تۇيۇقسىز قاتتىق مۆلدۈر يېغىپ، بۇغدايلارنىڭ ھەممىسىنى نابۇت قىلىۋېتىپتۇ. كىشىلەر يىغىشىپ تېراي دېسە، ھېچكىمدە ئۇرۇقلۇق قىلغۇدەك بۇغداي يوق ئىكەن. ئەلتەك دادىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ ئەھۋالنى ئېيتىپ:

— ئۇرۇقلۇق قىلغۇدەك بۇغدايمۇ يوق، ئەمدى قانداق تېرىقچىلىق قىلىمىز، كېلەر يىلى ئاچ قالىدىغان بولدۇق، — دەپتۇ.

— ئوبدان بالام، ئۇنچىۋالا قايغۇرۇپ كەتمە، — ئەلتەكنىڭ دادىسى، — مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، بىز ئاچ قالمايمىز، مەن بىر چاغلاردا بىر ئاشلىق ئامبىرى سالغان. شۇ يىلى ئاشلىق بەك ئوخشىغاچقا، ئامبارنىڭ ئۈستىنى ياپىدىغان چاغدا بۇغدايلارنى سوقمايلا ئۆگزىگە سالغانىدىم. سەن شۇ ئامبارنىڭ تورۇسىنى ئېچىپ، بۇغداي باغلىرىنى ئالغىن، ئۇلارنى سوقساڭ تېرىغىلى ئۇرۇقلۇق چىقىدۇ!

ئەلتەك دادىسىنىڭ دېگىنىنى قىلىپ ئېتىزلىرىغا قايتىدىن بۇغداي تېرىپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن يۇرتتىكى ھەممەيلەن ھەيران بولۇشۇپتۇ.

قىش ئۆتۈپ سىرىقتال پەسلى يېتىپ كەلگەندە،

باشقىلارنىڭ ئۇزۇق - تۈلۈكى تۈگەپتۇ. ئەلتەك يەنە ئامبارغا كىرىپ دادىسىغا:

— ئاڭلىشىمچە، بەزىلەر ئاچلىقتىن ئۆلۈۋاتقۇدەك؟ بىز قانداق قىلارمىز؟! — دەپتۇ.

— خاتىرجەم بولغىن، ئاچلىقتىن ئۆلمەيمىز، سەن ئۆيۈڭنىڭ ئاستىدىكى تاختاينى ئېچىپ تامنىڭ بۇلۇڭىنى قازساڭ پۇل چىقىدۇ، مەن ئۇ پۇلنى بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە جانغا ئەسقېتىپ قالار، دەپ ياش ۋاقتلىرىمدا كۆمۈپ قويغانىدىم، — دەپتۇ ئەلتەكنىڭ دادىسى.

ئەلتەك بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، دادىسى كۆمۈپ قويغان پۇلنى قېزىپ ئاپتۇ - دە، باشقا يۇرتتىن ئاشلىق سېتىۋېلىپ، پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى باققاندىن تاشقىرى يۇرتداشلىرىنىمۇ بېقىپتۇ. قوشنىلىرى ئۇنىڭدىن:

— جېنىم قېرىندىشىم، ئېيتقىنە، بۇ ئاشلىقلارنى قانداق ئېلىپ كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەممىسى ياشانغان دادامنىڭ دۆلىتى، بىزنى يەنىلا دادام بېقىۋاتىدۇ، — دەپتۇ ئەلتەك. قوشنىلىرى:

— بىزنى ئەخمەق قىلما، سەنمۇ بىزگە ئوخشاش ياشانغان داداڭنى جاڭگالغا تاشلىۋەتكەن ئەمەسمىدىڭ؟ — دەپ ھەيران بوپتۇ.

— ياق، مەن سىلەردەك قىلمىدىم! دادامنى ئۆز يېنىمدا ساقلاپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشاپ كېلىۋاتىمەن، ھەربىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ئالدىم. چۈنكى، ياشانغانلار بىز ياشلارغا قارىغاندا پەم - پاراسەتلىك كېلىدىكەن، — دەپتۇ ئەلتەك ۋە ئۆتكەن

ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

بۇ ئىش باشقىلارغا ئىبرەت بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يۇرتتا ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانىسىنى تاشلىۋېتىدىغان يامان ئادەت يوقىلىپ، بالىلار ئاتا ـ ئانىسىنى كۆيىنىپ باقىدىغان بوپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «ئاچلىقتىن ئۆلسەڭمۇ، ئاتا ـ ئاناڭنى تاشلىما» دېگەن ماقال ئاشۇ يۇرتتىن تارقالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
پىچان ناھىيە چىقتىم بازىرى قۇمكارىزدىن
**ئابدۇرېشىت قاسىم**

# كالىنى بۆرنىدىن يېتىلە

ئۆزۈن زامانلار ئىلگىرى بىر ئۆمۈر ئوتۇنچىلىق قىلىپ ئۆتكەن سوپى ئىسىملىك بىر كىشى بولغانىكەن. ئۇ يەتمىش ياشقا كىرگەندە، ئوغلى پەتى توققۇز ياشقا كىرىپتۇ. شۇ كۈنلەردە ئوتۇنچى سوپىغا قېرىلىق يېتىپ كېسەل بولۇپ قاپتۇ. پەتى ئاتىسىنىڭ ئورنىدا جاڭگالغا ئوتۇن ئالغىلى بېرىپ ئوتۇن تاپالماي يانتاق چېپىپ كەپتۇ. پەتى ئەتىسى يەنە ئوتۇنغا بېرىش ئۈچۈن:

— ئەي ئاتا، جاڭگالدا ئوتۇن يوق ئىكەن. سەن ئوتۇننى نەدىن ئالاتتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئوتۇنچى سوپى:

— جاڭگالدا ئوتۇن يوق، شۇڭا مەن سېنى كىچىك، بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايسەن دېگەن، — دەپ ھەسرەت چېكىپتۇ.

پەتى ئاتىسىنىڭ ئۆزىدىن بىر نەرسىنى يوشۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ، شۇ سىرنى ئېيتىپ بېرىشتە چىڭ تۇرۇۋېپتۇ. ئوتۇنچى سوپى ئىلاج قىلالماي:

— مەن ئوتۇن بار يەرنى ئېيتىپ بەرسەم سەن شۇ يەرگە بارسەن، ئۇ يەرگە بارساڭلا خەتەرگە يولۇقماي قالمايسەن، چۈنكى ئوتۇن بار يەرنىڭ يولى تولىمۇ خەتەرلىك، — دەپتۇ.

پەتى يەنىلا ئۇ يەرنى ئاتىسىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىنى سۆيلەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. ئوتۇنچى سوپى ھەسرەتلىنىپ:

— كالىمىز تولىمۇ ئاجىز، ئورۇق، ھارۋىغا ئوتۇن بېسىپ قويساڭ يامان داۋاندىنغۇ چىقارسەن، تەتۈر داۋاندىن قانداق قىلارسەن، شۇنى بىلمەيمەن، — دەپتۇ.

پەتى ئاتىسىنىڭ سۆزىدىن ئوتۇن بار يەرنى بىلگەندىن كېيىن، ئاجىز كالا قوشۇلغان يار - يار ھارۋىنى ھەيدەپ ئۇ يەرگە بېرىپتۇ. ئۇ يەردە ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئوتۇن بار ئىكەن. ئۇ خۇشاللىقىدا ھارغىنىنىمۇ بىلمەي ھارۋىسىغا ئوتۇنلارنى راسا بېسىپتۇ. ئۇ ئوتۇنلارنى بېسىپ بولۇپ ئاتىسىنىڭ سۆزلىرىنى يادىغا ئاپتۇ، لېكىن ئوتۇنلارنى چۈشۈرۈۋېتكۈسى كەلمەپتۇ. قېرى كالا يۈكى ئېغىر ھارۋىنى سۆرەپ بىر قەدەم، بىر قەدەم مېڭىپ يامان داۋاننىڭ قاپ بېلىگە چىققاندا ھارۋىنى سۆرىيەلمەي پۈتلىرى پۈكلىشىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پەتى يول بويىدىكى بىر تاشنى ھارۋىنىڭ چاقىغا تىرەپ توختىتىپ، قانداق قىلىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قاپتۇ. شۇ چاغدا ھارۋىنى تارتالماي تۇرغان قېرى كالا يول ياقىسىدىكى بىر تۈپ ئوتقا بويۇن سوزۇپ، ئىككى قەدەم ئالدىغا مېڭىپ ئوتنى يالماپ يەپتۇ. بۇنى كۆرگەن پەتىنىڭ كاللىسىغا بىر ئەقىل كەپتۇ - دە، ھارۋىنىڭ چاقىغا تاش تىرەپ قويۇپ، ئەتراپتىن بىر قولتۇق ئوت يۇلۇپ كەپتۇ. ئۇ كالىنىڭ نوختىسىنى تۇتۇپ بىر تۇتام ئوتنى كالىغا پۇرىتىپ ئالدىغا تارتىپتۇ. كالا ئوتنى يەيمەن دەپ ئالدىغا مېڭىپتۇ، پەتى كالىغا ئوتتىن بىر چىشلەم چىشلىتىپ قويۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ پەتى قولتۇقىدىكى ئوت تۈگىگىچە كالىنى بىر قەدەم - بىر قەدەم ماڭدۇرۇپ، يامان داۋاندىن ھەم تەتۈر داۋاندىن تىنچ - ئامان ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پەتى ھەر كۈنى ئاشۇ يەرگە ئوتۇنغا بېرىپ

داۋانلاردىن ئۆز ئۇسۇلى بويىچە ئۆتۈپتۇ. ئۇ ئوتۇنلارنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، پۇلىغا ئاتا ـ ئانىسىنى بېقىپ داۋالىتىپتۇ. پەتىنىڭ ئاتىسى كېسەلدىن ساقايغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئوتۇنلارنى قانداق ئەكەلگەنلىكىنى سوراپتۇ. پەتى ئوتۇن ئەكەلگەندە يامان داۋان بىلەن تەتۈر داۋاندىن قانداق ئۆتكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئوتۇنچى سوپى:

— كالا دېگەننى بۇرنىدىن تارتساڭ كەينىڭگە شوخشۇيدىغان تۇرسا، ئۇ يەردە كالىنى قانداق بۇرنىدىن يېتىلەيسەن، — دەپ بالىسىنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەپتۇ. ئەتىسى ئوتۇنچى سوپى بالىسى پەتى بىلەن ئوتۇنغا تەڭ بېرىپتۇ. پەتى هارۋىغا ئوتۇننى بېسىپ بولۇپ، ئاتىسىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئوتۇننىڭ ئۇستىگە ئۇنى چىقىرىپ قويۇپتۇ. پەتى ئۆز ئۇسۇلى بويىچە ئاتىسى قورققان داۋانلاردىن تىنچ ـ ئامان ئۆتۈپتۇ. ئوتۇنچى سوپى بالىسى پەتىنىڭ ئەقلىگە قايىل بولۇپ:

— ئوغلۇم كالىنى راست بۇرنىدىن يېتىلەپتۇ، — دەپتۇ ۋە ئوغلىدىن خاتىرجەم بولۇپ، بۇ ساۋاقنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ ئىش ئەل ئىچىگە تاراپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «كالىنى بۇرنىدىن يېتىلە» دېگەن سۆز ئاشۇ ئاتا ـ بالا ئوتۇنچىلارنىڭ كەچمىشىدىن قالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
تۇرپان شەهەر يار يېزىسىدىن

سۇلايمان سادىق

# زارلانمىغىن تەقدىرىڭدىن، زارلانغىن تەدبىرىڭنىڭ كەملىكىدىن

ئالەم پەيدا بولۇپ هاياتلىق شەكىللەنگەندە، خۇدا ئۆز بەندىلىرىنىڭ ئاسايىشلىق تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈن جاهاننى توققۇزىنى تەل قىلىپ، بەندىلىرىنىڭ هەممىسىنى ئۆز هىممىتىدىن ئوخشاش بەهرىمەن بولىدىغان قىلىپ ياراتقانىكەن. ئادەم يارىلىشتا هۆل يارالغان بولغاچقا، خۇدانىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان هىممەتلىرىنى خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ خىيال - ئارزۇلىرى بويىچە بۇزۇپ - چاچىدىغىنىنى بۇزۇپ - چېچىپ، ئىسراپ قىلىدىغىنىنى ئىسراپ قىلىپ، تەييار نەرسىلەرنىڭ هېچبىر قەدرىگە يەتمەپتۇ. بۇنى كۆرگەن خۇدا ئۆز بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان بايلىقلارنى، ئالتۇن، كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى يەر تېگىگە، دېڭىز ئاستىلىرىغا بەند قىلىۋېتىپ، بەندىلىرىگە بايلىقلارنىڭ قەدرى ئۆتكەندە ئۆزلىرى ئەجىر سىڭدۈرۈپ ئىزدەپ تېپىشنى بۇيرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي كىشىلەرنىڭ بايلىققا موهتاجلىقى چۈشۈپ، خۇداغا نالە قىلىپ، زارلىنىپ، خۇدادىن بايلىق تىلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ زارى جەبرائىلغا يېتىپتۇ. كىشىلەرنىڭ نىداسىنى ئاڭلىغان جەبرائىل خۇدانىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ئەي خۇدا، بەندىلىرىڭ ئۇچۇن ئاتا قىلغان بايلىقلىرىڭنى نېمە ئۇچۇن يوشۇرۇپ قويىسەن، ئۇلار بايلىققا موھتاج بولماقتا، ئۇلارنىڭ نالە - زارىسى پەلەككە يەتتى، — دەپتۇ.

— ئەي جەبرائىل، سەن ئاڭلىغان نالە - زارە ئاز بىر قىسىم بەندىلەرنىڭ نالە - زارىسى. ئۇلار جاھاندا ئەڭ چىدامسىز يارالغانلىرىدۇر، ئۇلار تەييار بايلىقنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلمەي ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويۇشىدۇ، يوق بولۇپ قالسا تېپىشنىڭ چارىسىنى قىلماي نالە قىلىشىدۇ، ئۇلار تېخى «تەييار» بىلەن «ئەجىر» نىڭ قەدرىنى بىلمىدى. ئۇلار شۇ ئىككى نەرسىنىڭ قەدرىگە يەتكۈچە ئۇلارنى سىنايمەن. ئۇلار شۇنداق ياشاپ تۇرسۇن، — دەپتۇ خۇدا. لېكىن، جەبرائىل بۇ جاۋاپقا قانائەت ھاسىل قىلماي:

— ئەي خۇدا، ئۇلارنى بىراقلا جازالىغىچە، ئاستا - ئاستا جازالاپ، ئۆز يولىنى تېپىۋالغۇچە مەدەت بېرىپ، يار - يۆلەك بولساڭ بولمامدۇ؟ — دەپتۇ.

— ئەسلىدە شۇنداق قىلغان، لېكىن ئۇلار يەنىلا تەييارنىڭ قەدرىگە يەتمىدى. قارىغىنە يەرگە، ئاۋۇ كېتىۋاتقان ئۇچ يولۇچى جاھاندارچىلىق قىلىش ئۇچۇن سەپەرگە چىققان.

خۇدا جەبرائىلغا يەردە كېتىۋاتقان ئۇچ كىشىنى كۆرسىتىپتۇ. ئۇچ كىشى تاغ باغرىدىكى چىغىر يولدا خورجۇنلىرىنى مۇرىسىگە ئارتىپ، تۇماقلىرىنى قىڭغىر كىيىپ، ئۆزلىرىنىڭ كۇلكە - چاقچاقلىرىنى ئەۋجىگە چىقىرىپ كېتىۋاتقانىكەن. ئۇلار شۇ ھالەتتە خېلى ماڭغاندىن كېيىن، ئاردىن بىرى:

— هەي بۇرادەرلەر، يولنى مۇشۇنداق پاراڭ بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىزمۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە بىرەر ئويۇن چىقارمايمىزمۇ، — دەپتۇ.

— نىمە ئويۇن چىقىرىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ بىللە كېتىۋاتقان ئىككىنچىسى.

دەسلەپتە سۆز باشلىغىنى ئۆزلىرىدىن يۇز قەدەمچە ئالدىدىكى بىر تۈپ دەرەخنى كۆرسىتىپ:

— شۇ دەرەختىن ئۆتۈپ كەتكۈچە ھېچقايسىمىز كۆزىمىزنى ئاچمايمىز. ئەگەر، كىم كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپتا نىمە بارلىقىنى كۆرۈپ قالسا، شۇ كۆزىنى ئاچمىغانلارنى مۇرىسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ مەنزىلگە يەتكۈزسۇن، — دەپتۇ.

بۇ تەكلىپكە قالغان ئىككىسىمۇ قوشۇلۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ مېڭىپ، يۇتلىشىپ يىقىلىپ كەتسىمۇ سىلاشتۇرۇپ قويۇپ، كۆزىنى ئاچماپتۇ. دەسلەپ سۆز باشلىغىنى ئۈچ نۆۋەت پۇتلىشىپ يىقىلىپ، ئىشنى ئۆزى باشلىغانلىقىغا پۇشايمان قىلسىمۇ، ئۆز ئويۇنىنىڭ ئۆزىگە ئەلەم بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆزىنى ئاچماپتۇ. بۇ چاغدا خۇدا جەبرائىلغا:

— ئەي جەبرائىل، سەن ئۇلارنىڭ ئايىقىغا قاراپ باققىن، نىمە باركىن، ئۇلار تۈز يولدا بىر نەرسىگە پۇتلاشمىسا نىمىدەپ يىقىلىدۇ؟ — دەپتۇ.

جەبرائىل شۇنداق قارىغانىكەن، ئۈچ يولۇچى ساپسېرىق پارقىراپ ياتقان كېسەك ئالتۇنلارغا دەسسەپ، پۇتلىشىپ كېتىپ بارغۇدەك.

— قارىغىنە، — دەپتۇ خۇدا، — مەن ئۇلارغا نېسىپ قىلغان نەرسىنى ئۇلار كۆزىنى يۇمۇپ دەسسەپ ئۆتۈپ

كېتىۋاتامدۇ، ئۇلار مەن نېسىپ قىلغان نەرسىنى قوبۇل قىلماق ئۇياقتا تۇرسۇن، دەسسەپ - چەيلەپ ئاياغ ئاستى قىلسا، بۇنىڭغا چىداپ تۇرالامدىم؟

جەبرائىل بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلمەي يەرگە قارىغانىكەن، ھېلىقى ئۈچ يولۇچى ئالتۇنلار كۆرۈنۈپ تۇرغان يەردىن ئۆتۈپ كېتىپ، كۆزىنى ئېچىپ كېتىپ بارغۇدەك. بۇنى كۆرگەن جەبرائىل:

— راست، ئۇلارغا تەييارنىڭ قەدرى بولمايدىكەن، بەندىلەر تەقدىرىدىن زارلانماي، تەدبىرىدىن زارلانسا بولغۇدەك، — دەپ خۇدانىڭ بايلىقلارنى يەر ئاستىغا، دېڭىز تېگىگە بەند قىلغانلىقىغا قايىل بولۇپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئۆز ئەمگىكى بىلەن بايلىق يارىتىپ ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن يەر تېگىدىن ئالتۇن قازسا، دېڭىز - ئوكيانلار تېگىدىن ئۈنچە - مەرۋايىت سۈزۈپ، ئۇ نەرسىلەرنى ئەتىۋارلايدىغان بوپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «زارلانمىغىن ئۆز تەقدىرىڭدىن، زارلانغىن تەدبىرىڭنىڭ كەملىكىدىن» دېگەن ھېكمەت شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
پىچان ناھىيە چىقتىم بازىرى تۇغان كارىزدىن
**ئابلىكىم ھەمدۇللا**

# ئۆتنە ئالەم

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا باقى دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ تولىمۇ ھۇرۇن ئىكەن. ئۇنىڭ ھۇرۇنلۇقىدىن كۇنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۇرمۇشى تولىمۇ غۇربەتلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ تۇرمۇشىنىڭ ناچارلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆزىنىڭ ھۇرۇنلۇقىدىن كۆرمەي، ئائىلىسىدە بىكار يېتىپ يەيدىغان ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن كۆرۈپتۇ ۋە ئائىلىسىدىكى ئادەم سانىنى ئازلاتماقچى بوپتۇ. ئۇ دەسلەپتە بالىلىرىنى تاشلىۋېتىشنى ئويلاپتۇ، لېكىن بالىلىرىنى تاشلىۋەتسە ئۆزى قېرىپ كۈچ ـ ماغدۇرىدىن قالغاندا، ئۆزىگە قارايدىغان ئادەمنىڭ بولماسلىقىدىن ئەنسىرەپ ئۇ نىيىتىدىن يېنىپتۇ. ئۇ كۆپ باش قاتۇرۇپ: «ئاتام قېرىپ قالدى، كۆرىدىغان كۈنىمۇ ئاز قالدى، ئۇنى تاشلىۋەتسەم بىكار يېتىپ يەيدىغان ئادەمدىن بىرى ئازلايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، كېسەل ياتقان ئاتىسىنى يۈدۈپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئاتىسى باقىنىڭ كۆڭلىدىكىنى سەزمەي:

— ئوغلۇم، مېنى نەگە ئېلىپ بارىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. باقى:

— ئاتا، سەن ئۆيدە كېسەل بولۇپ ياتقىلى ئۇزۇن بولدى، تالا ـ تۈزگىمۇ چىقىپ باقمىدىڭ، ئۆيدە يېتىپ ئىچىڭ پۇشۇپ كەتكەندۇ، سېنى دەريا بويىنى ئايلاندۇرۇپ كېلەي دەيمەن، — دەپتۇ.

باقى ئاتىسىنى يۇدۇپ دەريا بويىغا كەپتۇ. ئۇ يامان نىيىتىنى ئاتىسىغا چاندۇرماسلىق ئۈچۈن دەريانىڭ چوڭقۇر قايىنمىنى كۆرسىتىپ:

— قارا ئاتا، دەريادىكى ئاۋۇ قايىنام بىر ئوڭغا، بىر سولغا چۆرگىلەۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

ئاتىسى قايىنامغا بويىنىنى سوزۇپ قارىغانىكەن، باقى ئاتىسىنى تۇيدۇرماي قايىنامغا تاشلىۋېتىپ كېتىپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىش تۇگۇل، ئىلگىرىكىدىنمۇ بەتەر قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ باقىغا قېرىلىق يېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئوغلىمۇ چوڭ بوپتۇ. كېيىن باقى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىپ، بارغانسېرى تولىمۇ كاج، ئۇششۇق بولۇپ كېتىپتۇ. ئوغلى ئۇنىڭغا شۇنداق ياخشى قارىسىمۇ ئۇ پەقەت رازى بولماپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ باقىنىڭ ئۇششۇقلۇقى، تەتۈرلۈكىگە ئوغلىنىڭ سەۋر قاچىسى توشۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوغلى باقىنى تاشلىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇنى يۇدۇپ دەريا بويىغا ئەكەپتۇ. دەريا بويىغا كەلگەندە باقىنىڭ يادىغا ئاتىسىنى تاشلىۋەتكەنلىكى كېلىپ:

— بالام، مېنى ئاۋۇ چوڭقۇر قايىنامغا تاشلىغىن، مەنمۇ بوۋاڭنى ئاشۇ يەرگە تاشلىۋەتكەنىدىم، — دەپتۇ.

ئوغلى ئاتىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ قاپتۇ ۋە: «مەن ھازىر ئاتامنى دەرياغا تاشلىۋەتسەم، كەلگۈسىدە باللىرىم مېنىمۇ تاشلىۋېتەرمۇ؟ بۇ ئۆتنە ئالەم ئىكەن» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئاتىسىنى ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېتىپتۇ.

باقى دەريا بويىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىلگىرىكىدەك كاجلىق، تەتۈرلۈك قىلمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. قولۇم - قوشنىلار ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىغانىكەن، باقى ئۆتكەن ئىشلارنى

سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ ئىش يۇرتقا تاراپ ئىبرەت بوپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «ئۆتنە ئالەم» دېگەن گەپ باقى بىلەن بالىسىنىڭ ئاشۇ كەچمىشىدىن قالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
پىچان ناھىيە چىقتىم بازىرىدىن
**ئابدۇرىشىت قاسىم**

# تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولۇر

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى بىر يۇرت بولغانىكەن. ئاشۇ يۇرتتا بالىلىرى كۆپ، نامرات بىر دېھقان ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ يا يېرى، يا سۈيى يوق ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ يەر، سۈيى بولۇشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدىكەن، دائىم يوقسۇزلۇقتىن قۇتۇلۇشنى ئويلايدىكەن. ئۇ ئاخىر كۆڭلىگە بىر ئويىنى پۈكۈپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ ئۇنى قوبۇل قىلىپ:

— نېمە دەردىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن يەيدىغان نېنىم يوق، كىيىدىغان كىيىمىم يوق نامرات بىر بىچارىمەن، — دەپتۇ دېھقان ئۆز ھالىنى ئېيتىپ.

— بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىڭ نېمە؟ نېمە تەلىپىڭ بار؟ — سوراپتۇ پادىشاھ. دېھقان:

— مېنىڭ تەلىپىم يۇقىرى ئەمەس، قولۇمغا يارلىق يېزىپ بەرسىلە، يۇرتۇمدىكى بەگلىرىم ماڭا كالا تېرىسىدەك يەر، بىر چېلەك سۇ بەرسە، سىلىنىڭ ھىممەتلىرى ئۈچۈن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا مىننەتدار بولغان بولاتتىم، — دەپتۇ.

پادىشاھ دېھقاننىڭ ئىلتىجاسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «مەن بىر پادىشاھ تۇرسام، ناھايىتى بىر پارچە كالا تېرىسىدەك يەر، بىر چېلەك سۇغا يارلىق چۈشۈرسەم

قانچىلىك ئىشتى» ، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، بىر پارچە يارلىق يېزىپ، دېھقاننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ.

دېھقان ئوردىدىن چىققاندىن كېيىن ئۆز پىلانى بويىچە ئاۋۋال بىر پارچە كالا تېرىسى ۋە بىر دانە چېلەك سېتىۋاپتۇ، ئاندىن كالا تېرىسىنى ناھايىتى ئىنچىكە تاسما قىلىپ تىلىپتۇ، چېلەكنىڭ تۈۋىنى ئېلىۋېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ دېھقان بەگنىڭ ئالدىغا پادىشاھنىڭ يارلىقىنى كۆتۈرۈپ بېرىپتۇ. بەگ يارلىقنى كۆرگەندىن كېيىن دېھقاننى باشلاپ ئېتىزلىققا بېرىپتۇ.

دېھقان كالا تېرىسىدىن ياسالغان تاسمىنى چۇۋۇپ بىر ئايلاندۇرغانىكەن، 30 مو يەرگە يېتىپتۇ. دېھقان بەگنى يەنە ئۆستەڭ يېنىغا بېرىشقا تەكلىپ قىپتۇ. ئۇلار ئۆستەڭنىڭ يېنىغا بارغاندىن كېيىن، دېھقان تۈۋى يوق چېلەك ئارقىلىق ئۆستەڭنىڭ يان تەرىپىدىكى سۇيى يوق ئېرىققا سۇ باشلىۋاپتۇ. بەگ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ دېھقانغا ئالدانغانلىقىنى سېزىپتۇ. ئەمما، پادىشاھنىڭ يارلىقى بولغاچقا ئىلاجسىز يەر بىلەن سۇنى دېھقانغا بۆلۈپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ دېھقان تۈۋى يوق چېلەكتىن چىققان سۇ بىلەن تېرىقچىلىق قىلىپ بىر ئۆمۈر غەمسىز ياشاپتۇ. بۇ ئىش ئەتراپقا تاراپ دانالار: «تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولۇر» دېگەن ھېكمەتنى شۇ ئىشتىن بىزگە قالدۇرۇپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
تۇرپان شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن
**ئابدۇللا ئېلى**

# ئورىنى كىم كولىسا ئۆزى چۈشەر

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە ئالدى بىلەن دانىشمەنلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاقىلانە مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلايدىكەن. بۇ ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلانغانىكەن.

ئاشۇ پادىشاھنىڭ بىر دانىشمىنى بار ئىكەن. ئۇ ھەر كۈنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرگەندە: «ئەي شاھىم پۇقراپەرۋەر بولساڭ» دەپلا كېيىنگە يانىدىكەن.

پادىشاھ دانىشمەننىڭ بۇ سۆزىنى كۆڭلىدە قوبۇل قىلىپ، ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ پۇقرالارغا يامانلىق قىلغان ـ قىلمىغانلىقى توغرىسىدا ھەر كۈنى دېگۈدەك سۈرۈشتۈرىدىكەن. دانىشمەنمۇ ھەر كۈنى شۇ سۆزىنى تەكرارلاپ تۇرىدىكەن. ئۇ دانىشمەنگە ۋەزىرلەردىن بىرى دائىم ھەسەت قىلىپ يۈرىدىكەن. ئۇ ۋەزىر بىر كۈنى پادىشاھقا:

— ئەي شاھىم، ھېلىقى دانىشمەننىڭ جانابلىرىنى كۆزگە ئىلماي قىلىۋاتقان ئەدەپسىزلىكلىرىگە چىداپ تۇرالمىدىم، ئىجازەت بولسا ئېيتىدىغان گېپىم بار ئىدى، — دەپتۇ. پادىشاھ ئىجازەت بېرىپتۇ. ۋەزىر:

— دانىشمەن دەپ ھۆرمەت قىلغانلىرىنى بىلمىگەن ھېلىقى بىر نېمە كوچا ـ كويلاردا «پادىشاھنىڭ تېنى

سېسىقكەن» دېگەن گەپنى تارقىتىپتۇ. ئۇ بەدبەختنىڭ جانابلىرىنىڭ ئالدىدا قىلىۋاتقان ئەدەپسىزلىكلىرىنىڭ ئۆزىمۇ يېتەرلىك ئىدى، ئۇنىڭغا چارە قىلمىساق، ئۇنىڭدىن ھەر بالا كېلىدۇ. قۇللىرىنىڭ گېپىگە ئىشەنمىسىلە، دانىشمەنگە «يېقىن كېلىپ سۆزلە» دەيدىغان بولسىلا، ئۇ تۇمشۇقىنى ئېتىپ سۆزلەيدۇ، — دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ گەپكە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، ئەتىسى دانىشمەننى سىناپ باقماقچى بوپتۇ.

ۋەزىر ئۆز گېپىنىڭ توغرا چىقىشى ئۈچۈن بىر ھىيلە ئويلاپ قويغانىكەن. ئەتىسى دانىشمەن ئادىتى بويىچە پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ئەي شاھىم، پۇقراپەرۋەر بولساڭ، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئەتەيىن:

— يېقىنراق كېلىپ سۆزلە، گېپىڭنى ئاڭلىمىدىم، — دەپتۇ.

دانىشمەن پادىشاھقا يېقىن كېلىپ، ئاغزىنى قولى بىلەن توسۇپ تۇرۇپ سۆزىنى تەكرارلاپتۇ. پادىشاھ كۆڭلىدە ۋەزىرنىڭ گېپىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنىپتۇ- دە، دانىشمەننى جازالىماقچى بوپتۇ.

پادىشاھ ئادىتى بويىچە يارلىق چۈشۈرسە، يارلىقنى ئۆزى يېزىپ، پېچەتلەپ، شۇ كىشىگە ئۇنى ئېلىپ بارىدىغان جاينى ئېيتىپ بېرىدىكەن. شۇ ۋەجىدىن دانىشمەنگىمۇ يارلىق سېلىنغان بىر لىپاپىنى ئۇزىتىپتۇ. دانىشمەن يارلىقنى قولىغا ئېلىپ ئوردىدىن چىققاندا، ھېلىقى ۋەزىر ئۇچراپ قاپتۇ. ۋەزىر دانىشمەننىڭ قولىدىكى لىپاپىغا كۆزى چۈشۈپ خۇشامەتكۇيلۇق بىلەن:

— مۇبارەك بولسۇن، — دەپتۇ. مال - دۇنياغا قىزىقمايدىغان دانىشمەن:

— ماڭا پۇل كېرەك ئەمەس، كېرەك بولسا بۇنى شىلى ئالسىلا، — دەپ لىپاپىنى ۋەزىرگە بېرىپتۇ. ۋەزىر تەزىم قىلىپ لىپاپىنى ئېلىپتۇ - دە، خۇشلىنىپ ئالدىراش مېڭىپتۇ. ۋەزىر: «نۇرغۇن مۇكاپات ئالىدىغان بولدۇم» دەپ خۇشال بولۇپ خەتنى ئاپىرىدىغان جايغا تاپشۇرغانىكەن، دەرھال كاللىسى ئېلىنىپتۇ.

بىر كۈن ئۆتۈپ دانىشمەن يەنە پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئادەتتىكى گېپىنى تەكرارلاپ ماڭماقچى بولغاندا، پادىشاھ ئۇنى توختىتىپ:

— سەن قانداق قىلىپ ساق قالدىڭ؟ — دەپتۇ.

ھەيران قالغان دانىشمەن بولغان ئىشنى سۆزلەپ بەرگەنىكەن. تاقەتسىزلەنگەن پادىشاھ:

— ھەي، مېنىڭ ۋەزىرىم ناھەق ئۆلۈپتۇ، — دەپ غەزەپلىنىپتۇ.

تېخىمۇ ھەيرانلىقتا قالغان دانىشمەن ئىشنىڭ تېگىنى تەپسىلىي سوراپ بىلگەندىن كېيىن، پادىشاھقا:

— مەن تۈنۈگۈن ئادىتىم بويىچە ئوردىغا كېلىۋاتسام ۋەزىر ئۇچراپ چايغا تەكلىپ قىلدى، ئۆيىگە كىرسەم تاماق ئېتىپتۇ. تاماقتا سامساقنى ئىنتايىن كۆپ ساپتۇ، يېمەي دېسەم بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن سامساقنى كۆپ يېگەنلىكىمدىن سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا يېقىن كەلگەندە، مەندىن سامساق پۇرىمىسۇن دەپ قولۇم بىلەن ئاغزىمنى ئېتىۋالغانىدىم، — دەپتۇ.

# پىلنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر

بۇرۇن بىر يۇرت بولغانىكەن. ئۇ يۇرتنىڭ پادىشاھى ئادىل، خەلقى ئىشچان ئىكەن. شۇڭا ئەل ئىچى پاراۋان، خەلقى باياشات ياشايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ يۇرتقا دۈشمەنلەر تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ شەھەرنى قورشىۋاپتۇ. پادىشاھ لەشكەرلىرى بىلەن دۈشمەنگە قارشى سەپكە ئاتلىنىپتۇ. ھەر ئىككى تەرەپ جەڭ مەيدانىدا سەپ تارتىپ تۇرۇشۇپتۇ. دۈشمەنلەر سەپنىڭ ئالدىغا بىر پىلنى توختىتىپ قويۇپ:

— قېنى، پىلغا تەڭ كەلگۈدەك پالۋانىڭلار بارمۇ؟ ئەگەر بولسا مەيدانغا چۈشۈپ باتۇرلۇقىنى كۆرسەتسۇن، — دەپ جار سايتۇ.

بۇ پادىشاھ پالۋانلىرىغا:

— ئەي پالۋانلىرىم! دۈشمەنلەرنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، دۈشمەنلەر بىز بىلەن كۈچ سىناشماقچى بولۇۋاتىدۇ. مېنىڭ پالۋانلىرىمدىن قېنى كىم مەيدانغا چۈشۈپ، پىلنى يېڭىپ، ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقىنى كۆرسىتىدۇ، — دەپتۇ.

جەڭ مەيدانىدا پىل ھەيۋە قىلىپ تۇرۇپتۇ. پالۋانلاردىن بىرسىمۇ مەيدانغا چۈشۈپ پىل بىلەن ئېلىشىشقا جۈرئەت

قىلالماپتۇ. پادىشاھ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قېتىم چاقىرىق قىپتۇ. ئەمما، ھەممىسى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ يەرگە قارىشىپ تۇرۇشۇپتۇ.

پادىشاھ بۇ ھالنى كۆرۈپ شۇنداق غەزەپلىنىپتۇكى، بىر تال چېچى مىلىك بوپتۇ. ئۇ: «ئۆلۈم ئادەمگە ھامان بىر كۈن بار، دۈشمەن ئالدىدا يەرگە قاراپ، بوينۇمنى قىلىچقا تۇتۇپ بەرگەندىن كۆرە، نېمە بولسام بولاي، نامەرد بولۇپ ياشىغىچە مەرد بولۇپ ئۆلگەن ياخشى»، دەپتۇ ـ دە، كەمىرىنى چىگىتىپ جەڭ مەيدانىغا سەكرەپ چۈشۈپ پىلغا ئوقتەك ئېتىلىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پىل خارتۇمىسىنى ئاسمان ـ پەلەك كۆتۈرۈپ پادىشاھقا خىرىس قىلىپ كەپتۇ. پادىشاھ چەبدەسلىك بىلەن بارلىق كۈچىنى توپلاپ، پىلنىڭ خارتۇمىدىن تۇتۇپ تولغاپ، ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىشتۈرۈپ بىر مۇشت سالغانىكەن. پىل تاغ يىقىلغاندەك گۈلدۈرلەپ يىقىلىپتۇ. جەڭ مەيدانىنى قىيقاس ـ چۇقان قاپلاپتۇ. پادىشاھنىڭ باتۇرلۇقىغا ھەممە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. دۈشمەنلەر:

— پىلنى بىر مۇشت بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىۋەتتى، ئۇ قالتىس باتۇر ئىكەن، ئۇنىڭ پالۋانلىرى قانچىلىك كۈچتۈڭگۈر باتۇردۇ؟ بۇلارغا تەڭ كەلگىلى بولمىغۇدەك، — دېيىشىپ ئارقىسىغا قاراپ قېچىشىپتۇ.

شۇ ئىشتىن كېيىن بۇ يۇرتتا پادىشاھنىڭ ھۆرمىتى، شۆھرىتى تېخىمۇ ئېشىپ كېتىپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پادىشاھ ئۆز مىرزىسىنىڭ كىچىككىنە سەۋەنلىكىنى كۆرۈپ ئاچچىقلاپ، چېچىلىپ، غەزەپتىن ئۆزىنى باسالماي قاپتۇ، مىرزىنىمۇ بىر مۇنچە ھاقارەتلەپ كېتىپتۇ. بۇ

ئىشلارنى كۆرۈپ ئولتۇرغان پادىشاھنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر دانىشمەنى ئورنىدىن تۇرۇپ پېشىنى قېقىپ، گەپ - سۆز قىلماي تاشقىرىغا مېڭىپتۇ. پادىشاھ دانىشمەنىنىڭ بۇ قىلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلدى دەپ بىلىپ، ئاچچىقى تېخىمۇ ئۆرلەپتۇ - دە، زەردىسى بىلەن دانىشمەنگە:

— ھەي! بۈگۈن سەن نېمە بولدۇڭ؟ دائىم ماڭا ئەقىل كۆرسىتىپ، تەسەللى بېرەتتىڭ، بۈگۈن نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئەدەپسىزلىك قىلىسەن؟ — دەپ كايىپتۇ.

— مەن سىلىنى يىلنى يېگىپ داڭقى ئالەمگە پۇركەتكەن قەيسەر باتۇر دەپ قاراپ، ھەر ئىشتا، ھەر جايدا ھۆرمەتلەپ كەلگەنىدىم. بۈگۈن مەن سىلىنىڭ راستتىن باتۇر ئىكەنلىكلىرىگە ئىشەنمىدىم، — دەپتۇ دانىشمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ پادىشاھ تېخىمۇ خاپا بولۇپ:

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ مېنىڭ باتۇرلۇقۇمغا پۈتۈن ئەل گۇۋاھ تۇرسا، سەن بۇنداق گەپنى قىلىشقا قانداق جۈرئەت قىلدىڭ؟ — دەپ ئۆزىنى باسالماي دانىشمەنگە كايىپتۇ.

— تەقسىر، سىز يىلنى يەڭگەن بىلەن ئاچچىقنى يېڭەلمىسىڭىز سىزنى قانداقمۇ باتۇر دېگىلى بولسۇن؟! ئاچچىق ئادەمنىڭ ئۆزىدىن چوڭ ئەمەس، ئاچچىقلاپ كايىپ ئۆزىڭىزنىمۇ خاپا قىلدىڭىز، باشقىلارنىڭمۇ دىلىنى ئاغرىتتىڭىز، ئاچچىقلانغاندىن نېمە پايدا چىقتى؟ ئەقىللىق ئادەم ھەر ئىشنى ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن قىلىدۇ، ئەل ئارىسىدا: «ياخشى سۆز تاشنى يارار، يامان سۆز دىلنى يارار» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار، پادىشاھ بولغان كىشى بۇ سۆزنى ئەستىن چىقارماسلىقى لازىم، — دەپتۇ دانىشمەن.

دانىشمەنىنىڭ سۆزلىرى پادىشاھقا قاتتىق تەسىر قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ:

— سىنىڭ بۇ سۆزلىرىڭ ھەقىقەتەن قايىل قىلارلىق سۆز بولدى. مىنى كۆپ تەسىرلەندۈردى، ئىلگىرىمۇ سىنىڭ مەسلىھەتىڭ بىلەن قىلغان ئىشلاردىن چاتاق چىقمىغان، بۇنىڭدىن كىيىن تېخىمۇ شۇنداق بولىدىغان بولدى، — دەپ ئۆزىنىڭ قايىل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ ھەم مىرزىنى چاقىرىپ دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى خاتىرىسىگە دانىشمەنىنىڭ: «پىلنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر» دېگەن سۆزىنى چىرايلىق يازدۇرۇپتۇ. يەنە خەتتاتقا چىرايلىق كۆچۈرتۈپ ئۆز تەختىنىڭ ئالدىغا، ھەر دائىم كۆزى كۆرۈپ تۇرىدىغان يەرگە چاپلىتىپتۇ. شۇنىڭدىن كىيىن بۇ ھېكمەت بىزگىچە يېتىپ كەپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
تۇرپان ۋىلايەتلىك مىللىي قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدىن
**قېيۇم تۇردى**

# بۆلۈنگەننى بۆرە يەر

قويچى، قاسساپ، ئاشپەز ۋە ناۋاينىڭ بىردىن ئىتى بار ئىكەن. بىر كۈنى بۇ تۆت ئىت يولدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ ـ دە، ئايرىلماسقا دوست بولۇشۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇلار بىللە ساياھەت قىلىپ كېتىۋېتىپ بىر جاڭگاللىققا يولۇقۇپتۇ. ئۇلار بۇ جاڭگاللىقتا بۆرىنىڭ جىقلىقىنى بىلگەچكە: «ناۋادا بىرەر بۆرىگە يولۇقۇپ قالساق ھەممىمىز بىرلىكتە ئۇنى يوقىتايلى» دەپ ۋەدىلىشىپ، جاڭگالنىڭ ئىچىگە قاراپ مېڭىشىپتۇ. جاڭگالنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، تۇيۇقسىز بىر بۆرە پەيدا بولۇپ ئىتلارغا خىرىس قىپتۇ. ئىتلارنىڭ بىرى:

— ئاغىنىلەر، پەخەس بولۇڭلار، ئايرىلماڭلار، كۈچ بىرلىكتە، بۆرىگە يەم بولمايلى دېسەك، ۋەدىمىزگە ئەمەل قىلايلى، — دەپتۇ. ئىتلار تەڭ ھەرىكەتكە كېلىپ بۆرىنى قورشىۋاپتۇ. ئوتتۇرىغا قاپسىلىپ قالغان بۆرە كۆڭلىدە دەرھال بىر پىلان تۈزۈپتۇ ـ دە، قورقۇپ ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئىتلاردىن:

— سىلەر مېنى نېمە قىلماقچى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سەن، — بىرىنچى بولۇپ سۆز باشلاپتۇ قويچىنىڭ ئىتى كۆزىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ تۇرۇپ، — دائىم مەن بېقىۋاتقان قويلارغا ھۇجۇم قىلىپ، قويلارنى

خۇددى ۋابادەك قىرىپ تاشلايسەن، بۇگۇن سەندىن ئاشۇ قويلارنىڭ خۇنىنى ئالىمەن.

باشقا ئۈچ ئىتمۇ بۆرىنىڭ ئۆزىگە يەتكۈزگەن زىيان ـ زەخمىتى، غالجىرلىقى ئۈستىدە ئارقا ـ ئارقىدىن سۆزلەپ:

— سېنىڭ زۇلۇمۇڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، سېنى يوقىتىپ، كۆڭلىمىزنى ئەمىن تاپتۇرىمىز، — دېيىشىپتۇ.

— توغرا، — دەپتۇ بۆرە گۇناھىنى بويىنىغا ئالغاندەك بولۇپ بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي، — مەن سىلەرگە كۆپ زىيان سالدىم. سىلەر مېنى يېيىشكە ھەقلىق، لېكىن مېنىڭ سىلەرگە ئايرىم ـ ئايرىم ئېيتىدىغان گېپىم بار، ئالدى بىلەن ناۋاينىڭ ئىتى چەتكە چىقىپ تۇرسۇن، گېپىمنى قالغان ئۈچىڭلارغا ئېيتاي، — دەپتۇ.

ئۈچ ئىت ناۋاينىڭ ئىتىغا شەرەت قىلغانىكەن، ناۋاينىڭ ئىتى نېرىراق بېرىپ تۇرۇپتۇ. بۆرە ئۈچ ئىتقا بىر ـ بىرلەپ قارىۋېلىپ، مۇلايىملىق بىلەن سۆز باشلاپ:

— مەن قويچىنىڭ تۇرغۇن قويىنى يېدىم، قاسساپنىڭ قېنىنى يالىدىم، ئاشپەزنىڭ يۇندىسىنى ئىچتىم، لېكىن ناۋاينىڭ نېمىسىگە زىيان ـ زەخمەت سالغاندۇرمەن؟ ئۇنىڭ ئىتىنىڭ مېنى يېيىشكە نېمە ھەققى بار؟ سىلەر ئۈچىڭلار مېنى يېيىشكە ھەقلىق. شۇڭا ناۋاينىڭ ئىتىنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتسەڭلار، مېنىڭ گۆشۈم سىلەرگە جىقراقتىن تېگىدۇ، قورسىقىڭلارمۇ ئوبدان تويىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئۈچ ئىت بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، باش لىڭشىتىپ، بۇ سۆزنىڭ توغرىلىقىنى تەستىقلىشىپ ناۋاينىڭ ئىتىنى تالىۋېتىپتۇ.

— ئەمدى ئاشپەزنىڭ ئىتى چەتكە چىقىپ تۇرسۇن،

قالغان ئىككىڭلارغا ئېيتىدىغان سۆزۈم بار، — دەپ ئاشپەزنىڭ ئىتىنىمۇ چەتكە چىقىرىۋېتىپتۇ بۆرە، — سىلەر ئىككىڭلار قوي باقىسىلەر، مېنىڭ زىيىنىم ھەممىدىن بەك ئىككىڭلارغا يەتتى. پەقەت ئىككىڭلارلا مېنى يېيىشكە ھەقلىق. ئاشپەزنىڭ يۇندىسىنى ئىچىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىتىنىڭ مېنى يېيىشكە نېمە ھەققى بار؟ سىلەر ئۇنى يەر چىشلىتىپ، مېنى ئىككىڭلار يېسەڭلار ياخشى ئەمەسمۇ؟

شۇ گەپ بىلەن بۇ ئىككى ئىت ئاشپەزنىڭ ئىتىنىمۇ ئۇ دۇنياغا ئەۋەتىپتۇ. بۆرە: «ئەمدى قاسساپنىڭ ئىتى نېرى تۇرۇپ تۇرسۇن، ساڭا يالغۇز ئېيتىدىغان گېپىم بار» دەپ، قويچىنىڭ ئىتىنى يېنىغا تارتىپ قاسساپنىڭ ئىتىنى بىر چەتكە چىقىرىپ قويۇپتۇ. ئاندىن:

— ھەي، ئاغىنە، ھەق گەپنى ئېيتسام، مەن سېنىڭ قويۇڭنىلا يېدىم. قاسساپنىڭ قېنىنى ئاندا - ساندا يالاپ قويدۇم، خالاس. شۇڭا ئۇنىڭ ئىتى مېنى سەن بىلەن بىللە يېسە ساڭا ئۇۋال بولىدۇ، مۇنداق قىلىش ھەم ئادالەتسىزلىك بولىدۇ. سەن ئۇنى يوقات، مېنى ئۆزۈڭ يالغۇز يېگىن، — دەپتۇ.

— مەن ئۆزۈم يالغۇز ئۇنى قانداق يوقىتالايمەن، — دەپتۇ قويچىنىڭ ئىتى. بۆرە:

— مەن ساڭا ياردەملىشىمەن، قېنى بول چاققان كەل، — دەپتۇ - دە، قويچىنىڭ ئىتىغا ياردەملەشكەن بولۇپ، قاسساپنىڭ ئىتىنى چەيلىۋېتىپتۇ. ئاندىن ئۇ يالغۇز قالغان قويچىنىڭ ئىتىغا قاراپ:

— ھەي ئەخمەق، مېنى يېيىشكە نېمە ھەققىڭ بار؟! ئەمدى نۆۋەت ساڭا كەلدى، — دەپتۇ - دە، چىشلىرىنى

ھـىڭگايتىپ، بىر ئېتىلىپلا قويچىنىڭ ئىتىنىمۇ جېنىدىن جۇدا قىپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «بۆلۈنگەننى بۆرە يەر» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
تۇرپان شەھەرلىك مىللەت دىن ئىشلىرى كومىتېتى ئىسلام جەمئىيىتىدىن

**ئىسمائىل ئىبراھىم**

# ئالدامچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام

بۇرۇنقى زاماندا بىر يېزىدا بىر تېۋىپ ياشىغان بولۇپ، تېبابەتچىلىك بىلەن جاھاندارچىلىق قىلىپ جېنىنى جان ئېتىپ ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ تېبابەتچىلىك جەھەتتىكى ماھارىتىگە تايىنىپ نۇرغۇنلىغان بىمارلارنى داۋالاپ ساقايتىپ خالايىقلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىكەن. تېۋىپ يېشى چوڭايغانسېرى: «مۇشۇ كونىگە كەلگۈچە بىرەرمۇ شاگىرت تەربىيىلىمەپتىمەن، ناۋادا ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، كەسپىمگە كىم ۋارىسلىق قىلار» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە كۆپ باش قاتۇرىدىغان بوپتۇ. ئاخىر: «ئۆزۈمنىڭ يالغۇز ئوغلىنى تەربىيىلىگىنىم تۈزۈك» دېگەن قارارغا كەپتۇ. تېۋىپنىڭ تولىمۇ ئەركە ئۆسكەن ئەقىلسىز، بەڭۋاش يالغۇز ئوغلى بولۇپ دائىم داپ داراڭلىغان، ئېشەك ھاڭرىغان يەرلەردە لاغايلاپ يۈرىدىكەن، ئاتىسىنىڭ كەسپىگە قىلچە قىزىقمايدىكەن.

تېۋىپ بىر كۈنى ئۆز قارارىنى ئوغلىغا ئېيتىپتۇ. ئوغۇل كۆڭلىدە ئاتىسىنىڭ كەسپىنى ئۆگىنىشنى خالىمىسىمۇ، ئاتىسىنىڭ سۆزىنى يەرالماي، زورمۇزور رازى بوپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ تېۋىپ ئۆز كەسپىنى ئوغلىغا ئۆگىتىشكە باشلاپتۇ. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، ئوغلى تېۋىپلىقنى زادىلا ئۆگىنەلمەپتۇ. ئوغلىنىڭ

ئەقىلسىزلىقى كۆڭلىگە قاتتىق تەگكەن تېۋىپ كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. «ئوغلۇم مەندىن كېيىن قالسا قانداق جان باقار؟» دەپ غەم قىلىپ قاتتىق قايغۇرۇپتۇ، قايغۇسى كۈچەيگەنسېرى كېسىلىمۇ ئېغىرلىشىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— شۇنچە ئۆگەتكەن بولسامۇ مېنىڭ كەسپىمنى زادىلا ئۆگىنەلمىدىڭ، ئەمدى ساڭا جان بېقىشنىڭ بىرەر يولىنى ئۆگىتىپ قويمىسام بولمىدى. ساڭا دەيدىغان گېپىم شۇكى، مەن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن بىر ئامال قىلىپ مېنىڭ يولۇمنى تۇتقىن. چۈنكى، كىشىلەر سېنى «تېۋىپنىڭ ئوغلى دەپ قارىغاچقا، ئاتا كەسپىنى بىلىدۇ» دېيىشىپ، ساڭا كېسەل كۆرسىتىشى مۇمكىن. بەزى ئادەملەرنىڭ كېسەلگە گىرىپتار بولۇشى ئۇلارنىڭ يېگەن نەرسىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا سەن كېسەل بولغۇچىنىڭ كېسەلگە مۇپتىلا بولۇشىنىڭ ئالدىدا نېمىلەرنى يېگەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا ھەرىكەت قىل. بۇنىڭ ئۈچۈن كېسەل كۆرگىلى بارغاندا، كېسەل بولغۇچىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدى - كەينى ۋە ھويلا - ئاراملىرىغا ئوبدان سەپسېلىپ قارا. نېمىشقا دېسەڭ، ئۇ يەرلەردە ئۇلارنىڭ يېگەن نەرسىلىرىنىڭ قالدۇقى بولىدۇ. ئۇ نەرسىلەرنى كۆرۈۋالغاندىن كېيىن، ئۆيگە كىرىپ بىمارنىڭ تومۇرىنى تۇتىسەن، ئاندىن «ئۆزلىرى پالانى ياكى پوكۇنى نەرسىنى يېگەنىكەنلا، شۇ نەرسە زىيان قىپتۇ» دەيسەن. ئاندىن كېيىن كېسەلگە پايدىسىمۇ، زىيىنىمۇ يوق بىر نەچچە خىل دورا بۇيرۇپ بېرىسەن. شۇنىڭ بىلەن كېسەل بولغۇچى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر سېنىڭ «تاپقاق» لىقىڭغا قايىل بولىدۇ. بۇنداق «تاپقاق» لىق بىر نەچچە

قىپتىملا بولسا نامىڭ چىقىدۇ. كىشىلەر ئۆزىلا ئىزدەپ كېلىدىغان بولىدۇ. ئىشىكىڭگە ئادەم كەلدى دېگەنلىك، پۇل كەلدى دېگەنلىك، شۇنىڭ بىلەن جېنىڭنى گۆلدەك بېقىپ كېتىسەن، — دەپتۇ.

ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي تېۋىپ بۇ دۇنيادىن كۆز يۇمۇپتۇ. تېۋىپ ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى ئاتىسىدىن مىراس قالغان مال - دۇنيانى خالىغانچە يەپ - ئىچىپ، بۇزۇپ - چېچىپ، بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە پاك - پاكىز تۈگىتىپتۇ. بارا - بارا ئۇنىڭغا قورساق بېقىشمۇ تەس كېلىدىغان بوپتۇ. ئاخىر ئۇ تىلەمچىلىك قىلماقچى بوپتۇ. شۇ چاغدا بىردىنلا ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى يادىغا كېلىپ، تىلەمچىلىك قىلىشتىن يېنىپتۇ ۋە «تېۋىپلىق» قىلماقچى بوپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ يىراق بىر يېزىدا بىر كىشىنىڭ ئىچى سۈرۈپ، قورسىقى ئاغرىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، شۇ يېزىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ كېسەل بولغۇچىنىڭ هويلىسىغا قەدەم باسقان چاغدا بىردىنلا ئاتىسىنىڭ «تومۇر تۇتۇشتىن بۇرۇن بىمارنىڭ نىمىلەرنى يېگەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا هەرىكەت قىل» دېگەن سۆزى يادىغا كەپتۇ - دە، هويلا ئىچىگە قاراپتۇ، لېكىن هېچ نەرسىنىڭ قالدۇقىنى كۆرەلمەپتۇ. ئاستا ئېغىلغا كىرىپ ئوقۇرغا قارىغانىكەن، ئوقۇردا قوغۇن - تاۋۇزنىڭ شاپاقلىرى تۇرغۇدەك. ئۇ بۇنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كېسەل بولغۇچىنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. بىمارنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىپ: «ئۆزلىرى قوغۇن - تاۋۇزنى كۆپرەك يەۋەتكەن ئوخشايلا، شۇ نەرسىلەر زىيان قىلىپ قورساقلىرىنى ئاغرىتىپتۇ» دەپتۇ. دېمىسىمۇ، كېسەل كىشى ئالدىنقى كۈنى راستتىنلا قوغۇن - تاۋۇزنى جىق يەۋەتكەنىكەن. ئۇ ئۆيدىكىلەر بۇ هۆكۈمگە چىن كۆڭلىدىن

قايىل بولۇپ، ياش «تېۋىپ» نى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپتۇ. «تېۋىپ» ئاتىسىنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ، كېسەلگە پايدىمۇ قىلمايدىغان، زىيانمۇ قىلمايدىغان بىر نەچچە خىل دورا بۇيرۇغاندىن كېيىن قايتماقچى بوپتۇ. بىمار ئۇنىڭغا خېلى جىق ھەق بېرىپ، چىرايلىق ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

يەنە بىر كۈنى ئۇ باشقا بىر يېزىدىكى بىر ئايالنىڭ تۇيۇقسىز كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، شۇ يېزىغا قاراپ چېپىپتۇ. ئايالنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قارىسا، بىر ئىت دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى يۇندا تۆكىدىغان جايدا سۆڭەك غاجىلاۋاتقۇدەك. ئۇ ئوڭايلا كېسەلنىڭ سەۋەبىنى تاپقانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، بىمارنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. ئايالنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بولۇپ: «خېنىم، ئۆزلىرى گۆشنى جىق يەۋەتكەنىكەنلا، گۆش سىڭگە ئېغىر كېلىپ كېسەل بولۇپ قاپلا» دەپتۇ. بۇ ئۆيدىكىلەرمۇ بۇ ھۆكۈمنىڭ جايىدا چىققانلىقىدىن قايىل بولۇپ: «ئۇنى ئەۋلىيا ‹تېۋىپ› ئىكەن» دېيىشىپتۇ. ھەقىقەتەن ئايال ئالدىنقى كۈنى گۆش يېگەنىكەن. «تېۋىپ» بىمارغا پايدىسىمۇ، زىيىنىمۇ يوق بىر نەچچە خىل دورا بۇيرۇپ بېرىپتۇ. بىمار ئايال ئۇنىڭغا جىقلا پۇل ـ مال بېرىپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ ھال ـ كۈنى بارغانسېرى ياخشىلىنىپتۇ. ئۇ ئۆز ھۈنىرىنىڭ ئاققانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، ئەپتى ـ بەشىرىسىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىنى ئويلاپمۇ قويماپتۇ.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر يىگىت ئۇنى ئىزدەپ كەپتۇ. ئۇنىڭدىن، بىر نەچچە ئايدىن بۇيان ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىۋاتقان ئانىسىنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ بېقىشنى

ئىلتىماس قىپتۇ. ئۇ دەرھال ماقۇل بوپتۇ. ئۇ يىگىتتىنىڭ
ھويلىسىغا كىرگەندە ئىلگىرىكى ئادەتتى بويىچە ھويلا ئىچىدىن
يېمەكلىك قالدۇقىنى ئىزدەپتۇ، بىراق ھېچقانداق يېمەكلىك،
قالدۇقىنى كۆرمەپتۇ. ھويلىدا پەقەت ئېشەكنىڭ بىر دانە
تــوقۇمى تۇرغۇدەك. ئۇ ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن كېسەل
كىشىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ:
— ئانا، ئۆزلىرى توقــۇم يېــگەن ئوخشايــلا، شۇ زىيان
قــــىپتۇ، — دەپتۇ. ئۆيدىكىلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەسلەپ
ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈپتۇ. ئارقىدىن قاتتىق غەزەپكە
كېلىپ، «كىمنىڭنى زاڭلىق قىلىسەن ئالدامچى!» دەپ ئۇنى
گــەجــگىسىدىن تۇتۇپ، ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىپتۇ ۋە
ئۇنىڭ سېسىق نامىنى تارقىتىۋېتىپتۇ.
ئــېــيتىشلارغا قارىغاندا: «ئالدامچىنىڭ قۇيرۇقى بىر
تۇتام» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
تۇرپان شەھەرلىك 11 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىن
**ھەبىبخان ئىسمائىل**

# ھۆرۈن ئېشەكنىڭ يۈكى ئېغىر

بۈرۈننىڭ بۈرۈنىسىدا بىر يولۇچى ئىككى ئېشەككە يۈك ئارتىپ يولغا چىقىپتۇ. بىر ئېشەكنىڭ يۈكى ئېغىر، يەنە بىر ئېشەكنىڭ يۈكى يېنىك ئىكەن. بۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىگە:

— ئاغىنە، مەن بولالمىدىم، بىر ئاز ياردەم قىلساڭ ئوبدان بولاتتى، — دەپتۇ. يۈكى يېنىك ئېشەك جاۋابەن:

— نېمە كارىم، — دەپتۇ.

يۈكى ئېغىر ئېشەك ھېرىش - چارچاش بىلەن ھالى قالماي ئاخىر يول ئۈستىدە ئۆلۈپ قاپتۇ. يولۇچى ئىككى ئېشەكنىڭ يۈكىنى بىر ئېشەككە ئارتىپتۇ.

«ھۆرۈن ئېشەكنىڭ يۈكى ئېغىر» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:

«تۇرپان» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىن:

**مۆھەممەت نىياز**

# موللىنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما

بۇرۇنقى زاماندا خىلۋەت بىر يېزىدا يامانلىقىدىن ھاۋادا ئۇچىدىغان، ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان ئىككى ئوغرى بار ئىكەن. ئۇلار تولا ئوغرىلىق قىلىپ، تولا تۇتۇلۇپ، يۇرت ئىچىدە بەكمۇ سېسىپ كېتىپتۇ. كىشىلەر نېمىسى يوقالسا، ئۇدۇل كېلىپ شۇ ئىككى ئوغرىنى تۇتىدىغان بوپتۇ. ئىشنىڭ ئەپلەشمەيۋاتقانلىقىنى پەملىگەن چوڭ ئوغرى بىر كۈنى كىچىكىگە:

— بۇرادەر، بۇ يۇرتتا تۇرغۇچىلىكىمىزمۇ قالمىدى، ئەمدى ئورۇن يەڭگۈشلىمىسەك بولمىغۇدەك، ياقا يۇرتلارغا كەتسەك قانداق دەيسەن؟ — دەپتۇ.

— مەنمۇ شۇنى ئويلاپ تۇراتتىم، — دەپتۇ كىچىك ئوغرى خۇشال بولۇپ، — زادى كەتمەي بولمايدۇ، لېكىن ياقا يۇرتلاردا تېنەپ ـ تەمتىرەپ قالماي جان باقالارمىزمۇ؟

— بۇنىڭدىن غەم قىلماڭلار بۇرادەر، ئامال قىلغىلى بولىدۇ، ياقا يۇرتتىكىلەر بىزنى تونۇمايدۇ، ھە دېگەندىلا ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھۆرمەت ـ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇۋالساقلا ئىشىمىز يۇرۇشۇپ كېتىۋېرىدۇ دەڭلا! — دەپتۇ چوڭ ئوغرى.

— ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھۆرمەت ـ ئىشەنچىسىگە قانداق قىلىپ ئىگە بولالايمىز ئاداش؟ قېنى، ئويلىغىنىڭلارنى دەپ

بىقىڭلار، مەسلىھەتلىشەيلى! — دەپتۇ كىچىك ئوغرى.
— بۇنىڭ يولى ئاسان، — دەپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ چوڭ ئوغرى، — ئالەمدىكى ئىشلارنىڭ تولىسى ساختا بولىدۇ، بىرىنى بىرى ئالدىمىسا جان باققىلى بولمايدۇ ئاداش. ياقا يۇرتقا بارغاندىن كېيىن «موللا» دېگەن سالاپەت بىلەن ئۆتتۈرىغا چىقىمىز. ھەر كۈنى بەش ۋاخ نامازدىن قالماي، مەسچىتكە بېرىپ ئولتۇرۇۋالىمىز، قولىمىزدىن تەسۋى چۈشمەيدۇ، بىر نەچچە سۈرە يادلىۋالساقلا بولىدۇ، ئارىلاپ خەتمقۇرئان قىلىپ بېرىمىز، جامائەت يىغىلغان سورۇنلاردا بىر - بىرىمىزنى: «قالتىس كامالەتكە يەتكەن ئۆلىما ئادەم» دەپ ماختاپ تۇرىمىز. چەت يېزىنىڭ ئادەملىرى ناھايىتى گول بولىدۇ. ئۇزۇنغا بارمايلا «موللا» دېگەن نام - ئاتىقىمىز چىقىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئوغرىلىقلا ئەمەس، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارنى قىلساقمۇ چانمايدۇ.
— بەللى - بەللى، ئەقلىڭلارغا بارىكاللا ئاداش! — دەپ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ كىچىك ئوغرى، — ئۇنداق بولسا دەرھال بىر نەچچە سۈرە يادلىۋالايلى.
شۇنداق قىلىپ بۇلار ئۇزۇن ئۆتمەي ناھايىتى چەت بىر يېزىغا يېتىپ كەپتۇ ۋە مەسچىتنىڭ يېنىدىكى بىر ئېغىز ئۆيگە جايلىشىپتۇ. دېگەندەك بۇلارنىڭ قولىدىن تەسۋى چۈشمەيدىكەن. مەسچىتكە ھەممە ئادەمدىن بۇرۇن كېلىپ، ھەممىدىن كېيىن قايتىدىكەن، يول ماڭسىمۇ بىر مۆرىسىنى قىيسايتىۋېلىپ نىمىلەرنىدۇر ئوقۇپ ماڭىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇنغا قالماي بۇ ئىككى ئوغرى پۈتۈن يېزىغا «موللا» دېگەن نام بىلەن تونۇلۇپتۇ. كىشىلەر توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلاردا ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ تۆردىن ئورۇن

بىرىدىغان بوپتۇ. كۆنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، ئۇلار: «ئـەمـدى ئەسلىي كەسپىمىزنى قىلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى»، دېيىشىپتۇ ـ دە، كونا كېسىلى قوزغىلىپ، يەنە ئـوغـرىـلـىـقـقـا كىرىشىپتۇ. يېزىدا ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ بىر نەرسىلىرى يوقىلىشقا باشلاپتۇ. بىراق، كىشىلەر بۇ ئىككى «موللا» دىن ھەرگىز گۇمان قىلمايدىكەن.

بىر كۈنى ئۇلار قوشنىسىنىڭ بورداۋاتقان بىر قويىـنى ئوغرىـلاپـتۇ ـ دە، كېچىـلەپ يېگىنىنى يەپتۇ، ئاشقىنىنى جىمىقتۇرۇۋېتىپتۇ. ئالدىراشچىلىقتا ئۆپكە ۋە ئۈچەي ـ باغرىنى مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى كۆلگە تاشلىۋېتىپتۇ. ئەتىسى سەھەر مەسچىتكە كىرىپ ئايەت ئوقۇشۇپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. شۇ كۈنى ئـۇلار جـامائەتكە بىر نەچچە سۈرىنىڭ مەنىسىنى يېشىپ، تەپسىر قىلىپ بەرمەكچى بولغانىكەن، شۇڭا جامائەتمۇ تاڭ سۈزۈلە ـ سۈزۈلمەيلا مەسچىتكە كېلىشكە باشلاپتۇ.

بامدات نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن چوڭ ئوغرى قىرائەت قىلغىلى تۇرۇپتۇ، بۇ چاغدا رەسمىي تـاڭ ئـېـتـىـپ يـورۇق چـۈشـۈپ قالغانـىكەن. كۆلـگە تاشلىۋەتكەن ھېلىقى ئۆپكە ـ ئۈچەيلەر كىچىك ئوغرىنىڭ ئېـسـىگە چۈشۈپتۇ ـ دە، «بىر قاراپ كىرەيچۇ، ئالـىمادىن لـەيلەپ قالغان بولسا، ھېلى جامائەت مەسچىتتىن يانغاندا كـۆرۈپ قـالمىسۇن» دەپ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا مېڭىپتۇ. كۆلگە قارىسا دېگەندەك ئۆپكە ـ ئۈچەيلەر سۇنىڭ ئـۈسـتـىـدە لەيلەپ تۇرغۇدەك، بۇ ئوغرى نېمە قىلىشنى بـىـلـمەي بىر پەس تۇرۇپ قاپتۇ. ئاندىن چوڭ ئوغرىدىن مەسلىھەت سورىماقچى بولۇپ، مەسچىتكە كىرىپتۇ. گەپ قـىـلاي دېسە چوڭ ئوغرى قىرائەتتىن زادىلا توختىماپتۇ.

ئاخىر بولالماي، چوڭ ئوغرىغا لوقما سالغان بولۇپ ئۆز مەقسىتىنى ئۇقتۇرماقچى بوپتۇ - دە:

— تەقسىر، جىندەك توختىسىلا! بىر ئېغىز لوقما سالاي، سىلى ئوقۇۋاتقان مۇشۇ بىر كەلىمە سۈرە، مەن كۆرگەن يەنە بىر كىتابتا مۇنداق يېزىلغاندەك قىلىۋىدى، ئوقۇپ باقاي، ئاڭلاپ باقسىلا، — دەپتۇ.

— خوش، ئوقۇپ باقسىلا، — دەپتۇ چوڭ ئوغرى بىر نەرسىنى پەملەپ، كىچىك ئوغرى تىلىنى قارىشتۇرۇپ ھەجىلەپ مۇنداق قىرائەت قىلىشقا باشلاپتۇ:

مولالامىئى - مولالامىزى،
شۇتاپتىزى - كۆلدەئىزى.
ئۆپكىشكام لەيلە ئىزى،
نەچارىزى قىلساقىزى بۇلاھ. . .

چوڭ ئوغرى بۇ گەپتىن «موللام، كۆلدە ئۆپكە لەيلەپ قاپتۇ، قانداق قىلساق بولار؟» دېگەن مەنىنى چۈشىنىپتۇ ۋە چاندۇرمايلا:

— تەقسىر، بۇ سۈرە سىلى دېگەندەكمۇ ئوقۇلىدۇ، لېكىن توغرىسى مۇنداق، — دەپ قىرائەت باشلاپتۇ:

مولالامىئى - مولالامىزى،
ئۆپكىشكام لەيلە ئىزى.
دەرھاللەزى چىقاللەزى،
زىفەللەزى، تىقەللەزى، تاتۇرىزى، توراھا...

كىچىك ئوغرى بۇ گەپتىن «موللام، ئۆپكە لەيلەپ قالغان بولسا، دەرھال چىقىپ زىخ بىلەن تىقىپ لايغا پاتۇرۇۋەتسىلە بولىدۇ» دېگەن مەنىنى چۈشىنىپتۇ. لېكىن چاندۇرماسلىق ئۈچۈن جامائەتكە قاراپ:

— ۋاھ، موللا ئاكامنىڭ ئوقۇمىغان كىتابى يوق، نەدىن سۆز ئېچىلسا دەل شۇ يەردىن جاۋاب بېرەلەيدۇ، ھەقىقەتەن ئىلىملىك كىشى جۇمۇ، — دەپتۇ.

— شۇنداق، شۇنداق، ھەر ئىككىلىرى ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن، سىلەرنى بىزگە خۇدا يەتكۈزگەن، — دېيىشىپتۇ ساددا جامائەت ئۇلارنى ماختىشىپ.

چوڭ ئوغرى يەنە قىرائەتنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. كىچىك ئوغرى ئاستا سىرتقا چىقىپ، بىر تال يۇلغۇن ياغىچىدا زىخ ياساپتۇ ـ دە، ئۆپكە ـ ئۈچەيلەرنى سۇنىڭ تېگىگە پاتۇرۇۋېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىشمۇ چانماي ئۆتۈپ كېتىپتۇ. لېكىن، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار ئاخىر چاندۇرۇپتۇ. بىر قېتىم ئوغرىلىق قىلىۋاتقاندا جامائەت تۇتۇۋاپتۇ. كىشىلەر بۇ ئىككى ھىيلىگەر ئوغرىنى «موللا» دەپ ئېتىقاد قىلىپ يۈرگەنلىكىگە پۇشايمان قىلىشىپتۇ. ئىككى ئوغرى ئاخىر بۇ يەردىنمۇ قوغلىنىپتۇ. رىۋايەتچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە: «موللامنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما» دېگەن ماقال مۇشۇ يۇرتتىن تارقالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
پىچان ناھىيە شۇگە كەنتىدىن
نەمتۇللائاخۇن

# يىغا ياندىن كېلەر، بالا قېرىنداشتىن

بۇنىڭدىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى، بىزدىن يىراق ماكاندا بىر يۇرت بولغانىكەن. ئاشۇ يۇرتتا ئەتراپنى قورشاپ تۇرىدىغان نە چېتى، نە سوقمىسىمۇ بولمىغان، دەل - دەرەخلەر بۇك - باراقسان ئۆسكەن، تۇرلۇك - تۇمەن گۇللەر ھۇپپىدە ئېچىلغان بىر ئورمانلىق بولغانىكەن. ئۇ ئورمانلىقنىڭ سۇيى ئەلۋەك ئىكەن. تۇرلۇك - تۇرلۇك مېۋىلەر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە مەي باغلاپ پىشىپ تۇرىدىكەن. ئاشۇ ئورمانلىقتا بىر ئاقساقال بوۋاي قارايدىكەن. ئۇ ئورمانلىقتا بوۋاينىڭ نەچچە ئەۋلاد ئەجدادلىرى ئورمان بىنا قىلىپ كېڭەيتىپ ئۇزۇن زامانلار خاتىرجەم ياشاپ ئۆتكەنىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە باشقا بىر يۇرتتىن بىر نەچچە ئادەم شىكارغا چىقىپتۇ. ئۇلار نەچچە كۈنلەر چۆل - جەزىرە، تاغلارنى ئارىلىغان بولسىمۇ بىرەر قۇشقاچنىمۇ ئوۋلىيالماپتۇ. ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكى تۈگەپ، ئەجەل ۋەھىمىسىدە بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە مېڭىشىپ بوۋاينىڭ ئاشۇ ئورمانلىقىغا بېرىپ قاپتۇ. بۇلاردىن ئىلگىرى بۇ ئورمانلىققا يات كىشىلەر كېلىپ باقمىغانىكەن. بوۋاي ئۇلارنى كۆرۈپ خۇش بوپتۇ، ئالدىغا تۇرلۇك نازۇ نېمەتلەرنى قويۇپ مېھمان قىپتۇ. ئۇلارنىڭ قورسىقى تويۇپ، تېنىگە

جان كىرگەندىن كېيىن ئورمانلىقتىكى دەرەخلەرگە كۆزى چۈشۈپتۇ ھەم شۇئان نىيىتىنى بۇزۇپ، ئورمانلىقتىكى دەرەخلەرنى كېسىپ بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، كېيىنكى ئۆمرىنى راھەت- پاراغەتتە ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا مەسلىھەت قىلىشىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىشىپتۇ.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئوۋچىلار بىر توپ قارا نىيەت ئوغرىلارنى ئورمانلىققا باشلاپ كېلىپ، دەرەخلەرنى كېسىشكە باشلاپتۇ. ئوغرىلار دەرەخلەرنى بىرىنچى قېتىم كېسىپ كېتىپتۇ، ئىككىنچى قېتىممۇ كېسىپ كېتىپتۇ، ئۈچىنچى، تۆتىنچى… قېتىملارمۇ كېلىشىپتۇ. ئوغرىلارنىڭ ئورمانلىققا كېلىش سانى قانچە كۆپەيگەنسېرى ئۇلارنىڭ ئادەم سانىمۇ تەڭ كۆپىيىپ بېرىپتۇ. ئاخىر ئورمانلىقتىكى يوغان دەرەخلەر تۈگەپ، ئىنچىكە دەرەخلەرگە پالتا تېگىشكە باشلاپتۇ. بوۋاي بولسا قانچە قېتىملاپ يالۋۇرۇپمۇ، تىللاپمۇ، يىغلاپمۇ، قاقشاپمۇ قارا نىيەت ئوغرىلارنى دەرەخ كېسىشتىن توسۇيالماي ئاخىر ئاچچىق يۇتۇپ، تېنى ئاجىزلاپ كېتىپتۇ. بوۋاي شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئورمانلىقنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن تەشۋىشلىنىپ، خۇدادىن تىلەپ، نالە قىلىشقا باشلاپتۇ:

— ئى ئاسمان- زېمىننى، جىمى مەخلۇقاتلارنى ياراتقان ئىگەم، سەن ياراتقان زېمىندا بىر توپ قارا نىيەت ئوغرىلار بار، ئۇلار سەن ئۆستۈرگەن، مەن ۋە ئەجدادلىرىم بىنا قىلغان، ئاۋۇتۇپ كەلگەن ئورمانلارنى كېسىپ تۈگىتەي دېدى. مەن بولسام يەككە- يېگانە ئاجىز بوۋاي، ئۇلارنىڭ سانى كۆپ، كۈچلۈك، شۇڭا ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇلارنى ئورمانلارنى كېسىشتىن توسۇشقا قۇربىم يەتمىدى، سەن

ئۇلارنى ئورمانلارنى كېسىشتىن توسۇپ قالالاسالىق؟!

خۇدا بوۋاينىڭ نالىسىنى ئاڭلاپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئى بوۋاي، مەن ئىنسانغا ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ بېشارىتىنى بىلدۈردۈم. ئۇ ياخشى ئىش قىلىشنى نىيەت قىلسا، ئۇنىڭغا ياخشىلىقنى ئىرادە قىلىمەن. يامان ئىش قىلىشنى نىيەت قىلسا ئۇنى يامانلىقتىن توسۇۋالمايمەن. چۈنكى، ئىنسانلارنى زېمىندا سىناش ئۈچۈن ياراتتىم. كىمكى زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلىدىكەن، ئاخىر غەزەپكە دۇچار بولىدۇ.

بوۋاي خۇدادىن كەلگەن سادانى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆپ ئويلىنىپ خۇداغا ئىككىنچى قېتىم نالە قىپتۇ:

— مەخلۇقاتلارنى بار قىلىشقا ۋە يوق قىلىشقا قادىر قۇدرەتلىك ئاللا، سەن ياراتقان تۆمۈردىن ياسالغان پالتا ئىسىملىك بىر نەرسە بار. ئۇ ئورمانلارنى كېسىپ تۈگىتەي دېدى. سەن شۇ نەرسىنى يەر يۈزىدىن يوقىتىپ بەرسەڭ ئورمان ئامان قالسا؟!

خۇدادىن بوۋاينىڭ ئىككىنچى قېتىملىق نالىسىغىمۇ سادا كەپتۇ:

— ئى بوۋاي، پالتا ئۆزى دەرەخ كېسەۋاتامدۇ؟!

— ياق، ئۇنى ئادەملەر ئىشقا سېلىۋاتىدۇ.

— ئاشۇ ئادەملەر سېنىڭ نېمەڭ؟

— مېنىڭ قېرىنداشلىرىم.

— دەرەخلەرنى كېسىۋاتقان پالتىنىڭ سېپى بارمۇ؟

— سېپى بار.

— دەرەخلەرنى كېسىۋاتقان پالتىنىڭ سېپىغا قارا، ئۇ دەرەختىن بولغان ياغاچ ئەمەسمۇ؟!

— شۈنداق !

— ئۇ دەرەخلەرنىڭ نېمىسى؟ !

— ئۇ دەرەخلەرنىڭ ئۆز قېرىندىشى.

— قارا، ئورمانغا ئۆز قېرىندىشىدىن بالا ـ قازا كېلىۋېتىپتۇ.

بوۋاي قارىغۇدەك بولسا، دەرەخلەرنى كېسىۋاتقان پالتىنىڭ سېپى راستتىنلا ياغاچ ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ياغاچنىڭ دۈشمىنى ياغاچ بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشىنىپ ئېچىنغان بوۋاي ئاخىر:

— بۇ ئورمانغا يىغا ياندىن، بالاسى ئۆز قېرىندىشىدىن كەپتۇ، — دەپ خەلقىمىزئالەمگە نالە قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش پۈتۈن يۇرتقا تارقىلىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «يىغا ياندىن كېلەر، بالا قېرىنداشتىن» دېگەن ماقال ئورمان باققۇچى ئاشۇ بوۋايدىن قالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:

پىچان ناھىيە چىقتىم يېزا تۇغان كارىزدىن

**ئىبراھىم قاسىم**

# ئادەمىي شەيتان ھەممە شەيتاندىن يامان

قەدىمكى بىر زاراتگاھلىقتا چوڭ بىر گۈمبەز بار ئىكەن. بۇ گۈمبەز ئىچىگە ئالەمدىن ئۆتكەن چوڭ ئۆلىمالار قويۇلغانىكەن. جۈمە كۈنى كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىپ تاۋاپ ۋە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىندىكەن. بۇ گۈمبەزنىڭ ئىككى قارىغۇ شەيخى بولۇپ، بۇ ئىككىسى كىشىلەر ئەكەلگەن تائاملارنى، قۇيماق، پوشكاللارنى تەڭ يەپ مازاردا ناھايىتى باياشات ئۆتىدىكەن. بۇ ئىككى قارىغۇ شەيخنىڭ باياشات تۇرمۇشى شەيتاننىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغاپتۇ. شەيتان: «كىشىلەرنىڭ خەير ـ ساخاۋەت قىلىپ ئەكەلگەن مەززىلىك تائاملىرىنى بۇ ئىككى كور يەپ توق، خاتىرجەم ياشايدىكەن. خەپ، بۇلارنىڭ ئاغزىدىكى تائاملارنى ئەپلەپ تارتىۋالمىسام» دەپ ئويلاپتۇ ۋە دەرھال ھەرىكەت قىلىشقا كىرىشىپتۇ.

بىر كۈنى شەيتان ئىككى كور شەيخنىڭ كەينىگە ئۆتۇۋاپتۇ ـ دە، بىرىنىڭ ئالدىدىكى تائامنى تۇيدۇرماي يەۋاپتۇ. «بۇ تائام بەكمۇ مەززىلىك ئىكەن، شۇڭا ئازراق ئەكېلىپ بىرىمىزنىڭ ئالدىغىلا قويۇپتۇ ـ دە» دېيىشىپتۇ كور شەيخلەر. ئىككىنچى نۆۋەت شەيتان يەنە بىرىنىڭ ئالدىدىكى تائامنى تۇيدۇرماي يەۋاپتۇ، بۇنى بىلمىگەن ئۇ كور شەيخ:

— بۈگۈن مېنىڭ ئالدىمدا تائام يوققۇ؟ — دەپ ئەتراپنى ھاسىسى بىلەن تىنتىپتۇ.

— مېنىڭ ئالدىمدا بار، كەل، بۇنى تەڭ يەيلى، — دەپتۇ يەنە بىر كور شەيخ، — كىشىلەردە ئىنساپ كېمىيىپ، مازار — ماشايىخ، ئۆلىمالارنى ئەسلەپ، سەدىقە قىلىشنى ئازىيىپ كېتىۋاتامدۇ، نېمە؟

— شۇنداق بىر بالاسى بار ئەزىزىم.

ئۇلار شۇنداق پاراڭلارنى قىلىشىپ بىرلىكتە غىزالىنىپتۇ، شەيتان بۇ ئىشنى ئىككى - ئۈچ كۈن داۋام قىپتۇ. ئەمما، ئىككى كور شەيخ بىر چىنە ئاشنى ياكى بىر قۇيماقنى تەڭ بۆلۈپ يەپ، يەنىلا باياشات، خۇشال هايات كەچۈرۈۋېرىپتۇ... بۇنى كۆرگەن شەيتان ئىچ - ئىچىدىن بوغۇلۇپ، ھەسەتخورلۇقى تېخىمۇ ئۆرلەپ، كوچىدا ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ كېتىۋاتقاندا، بىر نەشىكەش بەڭگىگە ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇ راسا چېكىپ، ئۇبدان كەيپ بولۇپ شەھەرگە قاراپ كېتىۋاتقانىكەن. كىشىلەر ئۇ بەڭگىنى «ئادەمىي شەيتان» دەيدىكەن، چۈنكى ئۇ مازار ۋە ئەسكى تاملىقلاردا يوشۇرۇنۇپ نەشە چېكىپ يۈرىدىكەن ھەم ھەرقانداق ھىيلە - مىكىر ۋە يامانلىقتىن قايتمايدىغانلار قوۋۇمىدىنىكەن.

بەڭگە شەيتاننى كۆرۈپ سوراپتۇ:

— ھەي شەيتان، سەۋدايىدەك سۆزلەپ قاپسەنغۇ؟

— سۆزلىمەي قانداق قىلاتتىم، — دەپتۇ شەيتان ھەسرەتلىك شىكايەت قىلىپ، — بۇ گۇمبەزدىكى ئىككى كور شەيخ مېنىڭ رىزقىمغا تۇزكورلۇق قىلىپ، سەدىقە قىلىنغان ئاش ۋە قۇيماقلارنى يەپ كېتىۋاتقاچقا ماڭا ھېچ نەرسە تەگمەيۋاتىدۇ.

— ئاشۇ ئىككى كورنى ئەپلىيەلمىدىڭمۇ؟

— ئازراق ئەپلىدىم بىراق مەن بىرىنىڭ ئالدىدىكى

تـائـامنى تارتىۋالسام ئىككىنچىسىنىڭكىنى بۆلۈشۈپ يەپ: «بۈگۈنكى تائامنىـڭ بارىغا شۈكـرى، ئاز بولسـىمۇ مەززىلە-ككەن» دېيىشىپ دۇئاسىنى قىلىپ ياتىدۇ.

— ئـەخمەق شەيتان، — دەپتۇ ئادەمىي شەيتان، — ئاكاڭ قارىغايغا ئۇلارنى كۆرسەتكىن، مەن شۇنداق ئەپچىل جايلايكى، ھەر ئىككىسىنىڭ تائامنى يالغۇز ساڭىلا ئېلىپ بېرىمەن. ئۇ چاغدا سەن ماڭا نېمە بېرىسەن؟!

— سېـنـىـڭ ھـەرقانداق تەلىپىڭنى ھەل قىلىپ بېرەي! — دەپ ۋەدە قىپتۇ شەيتان.

شـۇنـداق قىلىپ ئىككىسى كېلىشىپ ئۇدۇل مازارغا بېرىپتۇ. بۇ ئىككى شەيخ تائام كۈتۈپ ئولتۇرغانىكەن، ئۇلار ئـايـاغ تـىـۋىشىنى ئاڭلاپ: «ئىنساپلىق مۆمىن بەندىلەر، قىـلغان سەدىقەڭلەرنىڭ ھەققى ئۈچۈن ئاللاتائالا سىلەرگە جـەنـنـەتـنـى ئـاتـا قـىـلغاي، ئامىن»، دەپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپتۇ.

ئـادەمىي شەيتان كېلىپ بۇ ئىككى شەيخنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، بىرىنچى كور شەيخنىڭ ئوڭ مەڭزىگە بىر كاچات سايتۇ - دە:

— سېنىڭ رىزقىڭنى ماۋۇ كور شەيخ بۇرادىرىڭ قوشۇپ يەۋالدى، — دەپتۇ. ئاندىن كېيىن يەنە ئىككىنچىسىنىڭ سول مەڭزىگە بىر كاچات سېلىپ:

— سېـنىـڭ ئالدىڭـدىكى تائامنى بـۇ كور قـويماي يـەۋالدى، — دەپ ئىككى قاچا تائامنى ئېلىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى كور شەيخ بىر - بىرىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ، كۆلالىرىنى ئېلىپ تاشلىشىپ، چاچـلىرىـنـى يۇڭـدىشىپ جەڭگە - جېدەل قىلىپ ھالى قالماپتۇ...

شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى كور شەيخنىڭ دوستلۇقى بۇزۇلۇپ دۈشمەنلىشىپتۇ.

— كۆردۈڭمۇ ئەخمەق شەيتان! — دەپتۇ ئادەمىي شەيتان كور شەيخلەرنىڭ خۇرجۇن - خالتىلىرىغا يىغىلغان تائام دۈنيالىرىنى شەيتانغا سۇنۇپ، — بۇلارنىڭ ھازىر بۇ تائاملارغا قارىغۇدەك ھالى يوق. ئىككى كاچات تېگىپ، مەنپەئەتلىرىگە ئازراق تەسىر يېتىدىغان گەپ بولۇۋېدى، بىر — بىرىگە ئۆچەكىشىپ، ئىناقلىقى بۇزۇلۇپ دۈشمەنلەشتى. مانا ئەمدى مازارنىڭ سەدىقە تائاملىرى ساڭا تەئەللۇق بولدى، شەيتان!

— قۇللۇق، — دەپتۇ شەيتان قول قوشتۇرۇپ، — سەندەك ئادەمىي شەيتانغا ۋە ھىيلە - ئامالىڭغا قول قويدۇم! ئەمدى سېنىڭ ئۈچۈن ھېچنېمىنى ئايىمايمەن!

شەيتان قويندىن بىر كاللەك نەشە چىقىرىپ ئادىمىي شايتانغا بېرىپتۇ.

شۇنىڭدىن بۇيان ئىنسانلار ئارىسىدا: «ئادەمىي شەيتان ھەممە شەيتاندىن يامان» دېگەن ھېكمەت تارقىلىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
پىچان ناھىيە دۆڭبازار خۇيزۇ يېزىدىن
**سۇلايمان ساقى**

# ئى ئاياز، كۆرگەن كۈنۈڭنى ئۇنتۇما،
# شىرە چورۇقۇڭنى قۇرۇتما

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادىل پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ ۋەزىر، ئۆلىما، سەركەردىلىرى بىلەن بىرگە شىكارغا چىقىپتۇ. يول ئۈستىدە بىر كىيىك پادىشاھنىڭ ئالدىدىنلا چىقىپ قاپتۇ. پادىشاھ باشقىلارنىڭ توسۇشىغا ئۇنىماي، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. كىيىك ئادەمزاتسىز بىر چۆل ـ جەزىرىگە كەلگەندە كۆزدىن غايىب بوپتۇ. پادىشاھ ئامالسىز كەينىگە قايتىپتۇ. بىراق كەلگەن يولىنى تاپالماپتۇ. ئۇ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر تاغنىڭ باغرىغا كەلگەندە ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاينى ئۇچرىتىپتۇ. بوۋاي بىر چوڭ كىتابقا قاراپ ئالدىغا دۆۋىلىۋالغان ھەرخىل رەختلەرنىڭ پۇرۇچلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاۋاتقۇدەك. پادىشاھ ئادەم بار يەرگە كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ، بوۋايغا سالام قىلىپتۇ، ئەمما بوۋاي ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالماي ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرىپتۇ. پادىشاھ بوۋاينىڭ قېشىدا بىر ھازا ئولتۇرۇپ، ئاخىر تەخىر قىلالماي سوراپتۇ:

— تەقسىر، كىتابقا قاراپ ھەرخىل پۇرۇچلارنى بىر ـ بىرىگە ئۇلىغانلىرى نېمىسى؟

بوۋاي جاۋاب بەرمەپتۇ. پادىشاھ ئۈچ قېتىم سورىغاندىلا ئاندىن بوۋاي:

— بۇ پۇرۇچلارنى بىر ـ بىرىگە چاتقىنىم، كىشىلەرنىڭ نىكاھىنى بىر ـ بىرىگە چاتقىنىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
پادىشاھ ئۆزىنىڭ يەتتە ياشلىق قىزىنىڭ نىكاھىنى كىمگە چاتقانلىقىنى سوراپتۇ. بوۋاي كىتابنى ۋاراقلاپ:
— قىزلىرىنىڭ نىكاھى ئاياز دېگەن يىگىتكە چېتىلىدىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
پادىشاھ بوۋاينىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ئۆز يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇ مىڭ بىر جاپادا ئۆز شەھىرىگە قايتىپ كەپتۇ.
ئارىدىن ئون يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. پادىشاھنىڭ قىزىمۇ بالاغەتكە يېتىپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن ئەلچىلەر كېلىشكە باشلاپتۇ. مەلىكە ئىنتايىن گۈزەل ھەم ئەقىللىق ئىكەن، ئۆز جۈپتىنىڭمۇ ھەم چىرايلىق ھەم ئەقىللىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن، شۇڭا كەلگەنلەرنىڭ بىرەرسىمۇ مەلىكىگە يارىماپتۇ.
بىر كۈنى بىر شەھەرنىڭ پادىشاھى شاھزادىسىنى ئەكېلىپ، پادىشاھقا ئەلچى كىرگۈزۈپتۇ. پادىشاھ قىزىنىڭ تەلپى بويىچە شاھزادىنىڭ ئەقلىنى سىناپ كۆرمەك بولۇپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا ئادەمنىڭ، ئوتۇننىڭ ۋە ئۈچار قۇشلارنىڭ ئەسكىسىنى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ.
شاھزادە پادىشاھنىڭ شەرتىنى ئورۇنداش ئۈچۈن شەھەر كوچىلىرىنى ئارىلاپ كېتىۋاتقاندا ئەسكى چاپان، شىرە چورۇق كىيگەن، چاچلىرى ئۆسۈپ كەتكەن، يۈزلىرى قاسماق بىر ئادەم ئۇچراپتۇ. ئادەمنىڭ ئەسكىسى مۇشۇ ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ شاھزادە ۋە ئۇنىڭغا:
— سىنى پادىشاھ چاقىرىدۇ، — دەپ ئۇنى ئوردىغا

ئېلىپ كېلىپ بىر ھۇجرىغا سولاپ قويۇپتۇ.
شاھزادە ئىككىنچى شەرتنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئوتۇن بازىرىغا بېرىپتۇ. ئۇ يەردە كىشىلەر ھەرخىل ئوتۇنلارنى بەس ـ بەستە ئېلىۋاتقۇدەك، لېكىن بىر باغلام سۆگەت ئوتۇنغا ھېچكىممۇ قاراپ قويمىغۇدەك. شاھزادە ئوتۇننىڭ ئەسكىسى مۇشۇ ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، بىر باغلام سۆگەت ئوتۇننى ئېلىپ ئۇنىمۇ ھېلىقى ھۇجرىغا ئاپىرىپ تاشلاپتۇ. ئاندىن شاھزادە قۇشلارنىڭ ئەسكىسىنى ئىزدەپ شەھەر سىرتىغا چىقىپتۇ. ئۇ يول بويىدىكى دەرەخ شېخىغا قونۇۋالغان بىر قاغىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭ قاپقارا تۇرقىغا قارىغاندا قۇشلارنىڭ ئەسكىسى مۇشۇ ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ.
شاھزادە قاغىنى تۇتۇپ قايتىپ كەلگەندە ئەسكى چاپانلىق كىشى ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىغا ھەيران بولۇپ:
— شاھزادە، مېنى بۇ قارا قاغا بىلەن ئوتۇنغا قوشۇپ زادى نېمە قىلماقچىسىز؟ ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ بىلىپراق ئۆلسەم دەيمەن، — دەپتۇ. شاھزادە ئۇ كىشىگە شاھنىڭ ئۈچ ئەسكى نەرسە تېپىپ كېلىشنى بۇيرىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.
— ئەي شاھزادە، — دەپتۇ ئەسكى چاپانلىق كىشى، — ئادەمنىڭ ئەسكىسى مەن بولسامۇ بولاي، ئوتۇننىڭ ئەسكىسى سۆگەت ئوتۇنى ئەمەس، بەلكى جاڭگال ئوتۇنى. سۆگەت ئوتۇننى ئوبدان قۇرۇتسا ئوت تۇتاشتۇرغىلى بولىدۇ، ياخشى كۆيىدۇ، جاڭگال ئوتۇنى ھەم ياخشى كۆيمەيدۇ، ھەم چوغمۇ بولمايدۇ، قۇشلارنىڭ ئەسكىسى قاغا ئەمەس، بەلكى سېغىزخان، سېغىزخان ئۇلاغلارنىڭ يېغىرىنى

چوقۇپ ئۇلارغا كۆن بەرمەيدۇ.
شاھزادە ئەسكى چاپانلىق كىشىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن قايتا بازارغا كىرىپ، جاڭگال ئوتۇنى بىلەن سىغىزخان تېپىپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھزادە بۇ «ئۆچ ئەسكى»نى ئاپىرىپ پادىشاھقا كۆرسىتىپتۇ. پادىشاھ شاھزادىنىڭ ئوتۇن بىلەن سىغىزخاندىن ئىبارەت ئىككى «ھەقىقىي ئەسكى» نەرسىنى تېپىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا قايىل بولۇپتۇ ھەمدە ئەسكى چاپانلىق كىشىنى ئوردىدا ئېلىپ قاپتۇ.
بىر كۈنى پادىشاھ شاھزادىنى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا:
— چاقىرىڭ، — دېگەنىكەن، شاھزادە ئامالسىز «خوش» دەپ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدىن چىقىپتۇ. ئەمما، كىمنى چاقىرىشنى بىلمەي بېشى قېتىپ، ھېلىقى «ئەسكى ئادەم»نىڭ قېشىغا كىرىپ ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ.
— پادىشاھ قايسى ھالەتتە تۇرۇپ سىزگە چاقىرىڭ دېدى؟ — دەپ سوراپتۇ «ئەسكى ئادەم».
— تام مەشنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ، مورىغا قاراپ شۇنداق دېدى، — دەپتۇ شاھزادە.
— سىز پادىشاھقا بىر تۇنىكىچى چاقىرىپ بېرىڭ، — دەپتۇ «ئەسكى ئادەم».
شاھزادە سىرتقا چىقىپ بىر تۇنىكىچى چاقىرىپ كىرىپتۇ.
پادىشاھ كىرگەن كىشىدىن نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سوراپتۇ.
— مەن بىر تۇنىكىچى، — دەپتۇ ئۇ كىشى.
پادىشاھ ئۇنىڭغا مورىنىڭ يېرىلىپ كەتكەن جايىنى سۇۋاپ بېرىشنى تاپىلاپتۇ.

ئـاريدىن بىرنەچچە كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن پادىشاھ شاھزادىنى يەنە چاقىرتىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— چـاقـىـرىـڭ،— دەپـتۇ. شاھزادە ماقۇللۇق بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، چىقىپ يەنە ھېلىقى «ئەسكى ئادەم» نى تېپىپتۇ.

— پادىشاھ بۇ سۆزنـى نېمـىگە دىققەت قىلىپ تـۇرۇپ ئېيتتى؟— دەپ سوراپتۇ «ئەسكى ئادەم».

— پـادىـشاھ تورۇسقا قاراپ شۇنداق دېدى،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاھزادە.

— سىز پادىشاھقا ياغاچچى چاقىرىپ بېرىڭ،— دەپتۇ «ئەسكى ئادەم».

شاھزادە ياغاچچىنى چاقىرىپ كەپتۇ. پادىشاھ:

— سىزنىڭ قانداق ھۈنىرىڭىز بار؟— دەپ سوراپتۇ ئۇ كىشىدىن.

— مـېـنـىـڭ ياغاچچىلىق ھۈنىرىم بار،— دەپتۇ ئۇ كىشى.

پادىشاھ ياغاچچىغا:

— تورۇسنىڭ ئاۋۇ بىر تال ياغىچىنى قۇرت يەپ سۇنۇپ كېتەي دەپ قاپتۇ. سىز ئۇنى ئېلىۋېتىپ ئورنىغا باشقا بىر تال ياغاچ سېلىپ بېرىڭ،— دەپ بۇيرۇپتۇ ۋە شاھزادىنى باشقا بىر ئۆيگە چاقىرىپ چىقىپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئـەي شاھزادە، سىز ئۇتۇن بىلەن سېغىزخاننى، تۇنىكىچى بىلەن ياغاچچىنى ئۆزىڭىزنىڭ ئەقلى بىلەن تېپىپ كەلدىڭىزمۇ ياكى باشقا بىر كىمنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئەكىردىڭىزمۇ؟ راستىڭىزنى دەڭ.

شـاھـزادە ئـىـشنىڭ جەريانىنى بىر باشتىن سۆزلەپ

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەسكى چاپانلىق كىشىنىڭ مەسلىھەتى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئوردىدىكى بارلىق ئۆلىماء ۋەزىرلىرىنى چاقىرىپ:

— ئەي ۋەزىر، ئۆلىمالىرىم، ئادەمنىڭ ئەسكىسى ئەسكى چاپان كىيگەن ئادەم بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. بىرمۇنچە ۋەزىر، ئۆلىمالار «شۇنداق» دەپ باش لىڭشىتىپتۇ، يەنە بەزىلىرى ھېچقانداق پىكىر بىلدۈرمەپتۇ. شۇ چاغدا ئارىدىن بىر ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئالدىغا چىقىپ:

— ئەي پادىشاھىم، مېنىڭچە ئادەمنىڭ تاشقى سىياقىغا قاراپ ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ، ئادەمنىڭ ياخشى - يامان، يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە ئۇنىڭ ئەقىل - ئىدراك، پاراستىگە قاراپ باھا بېرىش ۋاجىپتۇر، — دەپتۇ.

بۇ سۆز پادىشاھقا بەكمۇ يېقىپتۇ ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەپتۇ. پادىشاھ ئەسكى چاپانلىق كىشىدىن ئىسمىنى سورىغانىكەن:

— مېنىڭ ئىسمىم ئاياز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەسكى چاپانلىق كىشى.

پادىشاھ بۇ ئىسمنى تولىمۇ تونۇشلۇق ھېس قىلىپتۇ. پادىشاھ مۇلازىملىرىغا ئايازنى يۇيۇپ - تاراپ، چاچلىرىنى ئالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا يېڭى لىباس كىيدۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. ئاياز شاھانە لىباس كىيگەندىن كېيىن ئاجايىپ كېلىشكەن بىر يىگىتكە ئايلىنىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا قاراپ ئون يىل ئىلگىرى ھېلىقى بوۋاينىڭ قىزىنىڭ نىكاھى ھەققىدە دېگەنلىرىنى ئەسكە ئاپتۇ. ئۇ قىرىق كېچە - كۈندۈز توي ئۆتكۈزۈپ قىزىنى ئايازغا نىكاھلاپ قويۇپتۇ.

كۆنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ، يىللار ئۆتۈپتۇ، پادىشاھ قېرىپتۇ، پادىشاھلىق تەختىنى ئايازغا ئۆتۈنۈپ بېرىپتۇ. ئاياز تەختكە چىققان كۆندىن باشلاپ ئۆزىنىڭ يوقسۇزلۇقتا كىيگەن شىرە چورۇقىنى تەخت بېشىغا ئېسىپ قويۇپتۇ. ئۇ كۆندە بىر قېتىم شىرە چورۇققا قاراپ قويىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇ دۆلەت ئىشلىرىنى ئادىل، دىيانەت بىلەن باشقۇرۇپ ئۆتۈپتۇ. بۇ ئىش ئەل ئىچىگە تاراپ: «ئى ئاياز، ئۆتكەن كۆنۈڭنى ئۇنتۇما، شىرە چورۇقۇڭنى قۇرۇتما» دېگەن ماقال بىزگىچە يېتىپ كەپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
پىچان ناھىيە چىقتىم بازىرى باشلانغۇچ مەكتەپتىن
**بەكرى ئىمىن**

# موزاينىڭ يۇگۇرۇشى سامانلىقچە

بۇرۇن بىر موزاي ئانىسىدىن ئايرىلماي چوڭ بولۇپتۇ. ئۇنىڭ ئانىسى تولىمۇ ئۇسسۇگەك ئىكەن. ھەممە ئىنەكلەر ئۇنىڭدىن قورقىدىكەن، ھەتتا ئۇنىڭ موزىيىغا چېقىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىكەن. بۇنىڭدىن پەخىرلەنگەن موزاي ھەممىلا يەردە ئۆزىنى كۈچلۈك كۆرسىتىپ پوچىلىق قىلىپ يۈرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پوچى موزاينىڭ ئۇسسۇگەك ئانىسى تۇيۇقسىز ئۆلۈپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن باشقا ئىنەكلەر موزايدىن قورقمايدىغان بولۇپتۇ. بىراق، پوچى موزاي يەنىلا ھەممە يەردە ئۆزىنى چوڭ چاغلاپ پوچىلىق قىلىپ يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى قوتاندىكى كالىلاردىن بىرى ئۇنىڭغا:

— سەن ھەقىقەتەن كۈچلۈك ئىكەنسەن، ئاناڭ ئۇسسۇگەك، قورقماس ئىدى، سەن ھۈنىرىڭنى بىزگە بىر كۆرسىتىپ، ئاۋۇ ياتقان كۆك بۇقا بىلەن بىر ئۇسسۇشۇپ باقساڭ! — دەپتۇ.

پوچى موزاي كۆك بۇقىنى مەڭسىتمىگەن ھالدا ھۆركىرەپ ئوتتۇرىغا ئېتىلىپ چىقىپ، بۇرنى بىلەن يەرنى تاتلاپ بۇقا بىلەن ئېلىشىشقا تەييارلىنىپ تۇرۇپتۇ. قوتاننىڭ بىر بۇلۇڭىدا ياتقان كۆك بۇقا ئورنىدىن ئاستا قوپۇپتۇ. پوچى موزاي بىلەن كۆك بۇقا ئۇسسۇشۇشقا باشلاپتۇ.

ئاچچىقى كەلگەن كۆك بۇقا پوچى موزاينى كىلىشتۇرۇپ بىرنى ئۇسسۇپتىكەن، پوچى موزاي يەتتە دوملاپ ئاران ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. كۆك بۇقا يەنە ئۇسسۇشكە تەييارلانغاندا موزاي كەينىگە قاراپ قېچىپتۇ. كۆك بۇقا كەينىدىن قوغلاپتۇ. موزاي قاچىدىغان جاي تاپالماي بىر ئەسكى سامانلىققا كىرىپ يوشۇرۇنۇپ ئامان قاپتۇ.

قوتاندىكى كالىلار بۇنى كۆرۈپ پوچى موزايغا:

— تازا خوپ بولدى، قاچىدىغان يېرىڭ ئەسكى سامانلىق ئىكەنغۇ،— دەپ كۇلۇشۇپتۇ. بۇ ئىش ئەتراپقا تاراپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «موزاينىڭ يوگۇرۇشى سامانلىققىچە» دېگەن تەمسىل موزاينىڭ ئاشۇ كەچمىشىدىن قالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى:
پىچان ناھىيە پىچان يېزىسىدىن

**سۇلايمان ساقى**

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "57u05ZC+5bCU5rCR6Ze05pm65Yqb5pWF5LqL6YCJIDQg57u05ZC+5bCU6K+tXzQwMTg3NjA4LnppcA==",
"filename_decoded": "\u7ef4\u543e\u5c14\u6c11\u95f4\u667a\u529b\u6545\u4e8b\u9009 4 \u7ef4\u543e\u5c14\u8bed_40187608.zip",
"filesize": 5873366,
"md5": "47eb4da75a44d270e91a58a5bb64579e",
"header_md5": "f64edd624c79b07581471aa8124d0cbf",
"sha1": "96efd21f78818bd26c1d161dbd2d1ab63b8810c9",
"sha256": "d466c09e83d75bb4bf90ef383060bb3dd5d82ae38c845e3e1642d532d98e4c81",
"crc32": 4209438803,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 5886293,
"pdg_dir_name": "\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u251c\u00b1\u255d\u03a3\u2553\u255f\u2534\u00aa\u2563\u2569\u2569\u252c\u2564\u00ed 4 \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u2559\u2229_40187608",
"pdg_main_pages_found": 114,
"pdg_main_pages_max": 114,
"total_pages": 121,
"total_pixels": 390683968,
"pdf_generation_missing_pages": false
}